مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال

مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

# ميراس

1

2013

美拉斯

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





غازى ئەھمەد ئەسەرلىرى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2013 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 135 ـ سان)

## گۈلدەستە

ئەجداد مىراسى ـــ ئەۋلاد جۇلاسى .............. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (1)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش سىرى ... قۇربانجان ئوبۇل (6)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئاتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (17)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ گېرمانىيەدە 1975 ـ يىلىدىن
بۇيان تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ...... ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (30)
ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا مەركەزلەشكەن ماقال ـ تەمسىللەردىكى قىممەت قاراش
توغرىسىدا ................................ شەرىپە ئابدۇغوپۇر (46)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆنچىلىكى ......
................................ مامۇت قۇربان (61)

## ۋەسىقەلەر

قەشقەر تېكىستلىرى .................... ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (72)



باش مۇھەررىر:
ئازاد سۇلتان
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن
جاۋابكار مۇھەررىر:
نۇرنىسا باقى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۇپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

تۇغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئايدىڭ كېچىلەر


قارا كۆز قەلەم قاش يارىم ........................................ (28)


## يېمەكلىرىمىز


قاراقاش نانلىرى ........................... ئايمۇھەممەد ساھىبى (34)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


ئاققولوم بېرگېن ئاكا ۋە ماختۇمى جان ئۆكۆ ...... غالىب بارات ئەرك (42)
تاغ پالۋان ........................................ (67)


## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇرلارنىڭ ھازا ئېچىش ئادىتى توغرىسىدا ...... مەنسۇرجان تۇرسۇن (53)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 135 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن، دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «خىيال» تۇرسۇنجان ئوسمان سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: «بەيگە»

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki



保护文化遗产
捍卫精神家园

总编：
阿扎提·苏里坦
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
(法人代表)
编缉：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责任编缉：
努尔尼沙·巴克

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئەجداد مىراسى ـــــ ئەۋلاد جۇلاسى

(«مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى**



مىراستۇر ئاتامدىن ئانا تۇپرىقىم،
مىراستۇر ۋۇجۇدۇم روھىم، تىنىقىم.
مىراستۇر پاك تىلىم ـــ روھىي ۋەتىنىم،
مىراستۇر ئەتىمىشىم، ھەر بىر قۇلىقىم.
مىراستۇر ھەر چۆچەك، ھەر بىر ھېكمەت.
مىراستۇر ئەجدادتىن ھەر بىر ھېكايەت،
روھىم بوستانىنىڭ ئوزۇقى ئۇلار
ئۇلارسىز مىللىتىم تاپالماس قىممەت.

«مىراس» دېگەن كەلىمە بىزگە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزدۇر. «مىراس» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «ئۆتكەنلەردىن قالغان مال-مۈلۈك، ئۆتكەنلەردىن قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ئىشلار ۋە مەنىۋى ھادىسىلەردۇر» بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ سۆزنى دەل مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قۇمارۇ» (Kumaru) دېگەن بىر سۆز بار ئىدى. بۇ سۆز بۇددىزم دەۋرىدىكى مەتنىلەردە «ۋىدالىشىش»، «ئايرىلىشىش»، دېگەن مەنىلەرنى بىرەتتى ②. ئەمما خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «قۇمارۇ» سۆزى مىراس، ئارماغان، ۋەسىيەت، ئۆگۈت قاتارلىق بىر-مۇنچە مەنىلەرنى ئاڭلاتقاندى ③. «قۇتادغۇبىلىك»تە «قۇمارۇ» سۆزى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن،

190 كىشىدىن كىشىكە قۇمارۇ سۆز ئول.
قۇمارۇ سۆزۈگ تۇتسا ئاسغى يۇز ئول.

يەشمىسى:
كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

269 ئۇلاردىن قالۇ كەلدى ئەدگۇ تۆرۈ
قۇمارۇ تۆرۈر تەگسە قوپدۇر ئۆرە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يەشمىسى:

ئۇلاردىن قىلىپ كەلدى ياخشى نىزام،
مىراس بۇ، كىم ئالسا ئۇ ئۆرلەر تامام.

270 ئۆلۈگدىن تىرىگكە قۇمارۇ سۆز ئۇل
قۇمارۇ سۆزۈگ تۇتسا ئاسىغى يۈز ئۇل

يەشمىسى:

ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراستۇر بۇ سۆز،
مىراس سۆزنى تۇتسا بولۇر پايدا يۈز.

بۇ مىسرالارنىڭ ھەممىسىدە «قۇمارۇ» سۆزى مىراس مەنىسىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «قۇمارۇ» دېگەن سۆز يۇقىرىقى مىسرالاردا پۈتۈنلەي مەنىۋى مىراسلارنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ يەنە 1150 ـ ، 1341 ـ ، 1354 ـ ، 1356 ـ ، 1467 ـ ، 1468 ـ ، 1469 ـ ، 1517 ـ ، 6322 ـ ، 6324 ـ ، 6325 ـ مىسرالىرىدىمۇ «قۇمارۇ» سۆزى ۋەزىيەت، نەسىھەت، ئۆگۈن، ھەدىيە، يادىكارلىق دېگەندەك ھەر خىل مەنىلەردە قوللىنىلغان.

ئەجدادلارنىڭ ھەر بىر ئۆگۈتى بىزگە مىراس. ئۇلارنىڭ ھەر بىر نەسىھەت ۋە ۋەسىيىتى بىزگە مىراس. ئۇلارنىڭ بارلىق ماددىي، مەنىۋى ھەدىيە ۋە يادىكارلىقلىرى بىزگە بىباھا مىراستۇر. ئانا تىلىم، ياشاش ئادىتىم، ساماۋى چۆچەكلىرىم، باتۇر ئەجدادىمنىڭ ئېيتقانلىرى، قىسسەلىرى، ئانا تۇپرىقىم. ۋۇجۇدۇم، روھىم، قىسقىسى مەن ئۆزۈم ھەم مىراس ! شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، «مىراس» دېگەن سۆز ماڭا بەك مۇقەددەس بىلىنىدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغىلى 30 يىل بولدى. ئاشۇ مۇقەددەس نامدىكى بۇ ژۇرنال 30 يىلدىن بۇيان ئەجدادلىرىنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا چەكسىز مەنىۋى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ كەلدى. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى ۋارىسلارغا يەتكۈزدى ۋە يەتكۈزمەكتە. ئۇ مۇنەۋۋەر مەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچى ۋە تونۇشتۇرغۇچى خاسىيەتلىك ھەم زەخىرىلىك نەشر ئەپكار بولۇش سۈپىتى بىلەن 30 يىلدىن بېرى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى سۆيۈندۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى نامايان قىلىش» يېتەكچى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇردى، ژۇرنال باشتىن ـ ئاخىر مېغىزنى ئېلىپ شاكىلىنى تاشلاش پىرىنسىپىدىن تەۋرەنمىدى، شۇڭا ئۇ مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال، مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال بولالىدى.

جاھان مىقياسىدا نۇرغۇن ئەللەرنىڭ بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ دۇنياۋى تەرەققىياتلارغا يۈزلىنىشى، تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقاندەك ئالغا سىلجىشى، كومپيۇتېر، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ روياپقا چىقىشى يەرشارلىشىش قەدىمىنى غايەت زور دەرىجىدە تېزلىتىۋەتتى. يەر شارلىشىش مىللىي مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىنى ۋە توقۇنۇشىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئۆزلۈكلىرىنى بارغانچە يېتىم قالدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئورتاقلىقى كۆپىيىپ مەدەنىيەت خاسلىقى ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگو ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەي «مىراس» ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى، بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئىلمىي مۇنبەرگە ئايلاندى. مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ياخشى قوغدالمىسا، مىللىي ئىپتىخار ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بولمىغان ئەل ياكى مىللەتنىڭ رىقابەت ئېڭى بولمايدۇ، رىقابەت ئېڭى بولمىغان خەلقنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش قىيىندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداشتۇر. ئەنئەنىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مىللىي تەرەققىياتنىڭ يولىنى توساشتۇر، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىلەر يوق قىلىنسا مىللىي تەرەققىيات مەۋقەسىزلىشىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەم ئېتىكا قىممەت قارىشى ۋەيرانە بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە ئېرىشكەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتتۇر. مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، راستىنى ئېيتقاندا

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش
ئاساسىدا راۋاجلىنىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئىجتىمائىيەتنىڭ
ئىچىدىكى ئەنئەنە، ئۆرپ- ئادەت، سۆيۈنۈش، مىللىي ئىپ-
تىخارلىق، ھەر خىل مەدەنىيەت قاراشلىرى ھەم پائالىيەت-
لىرى بەلگىلىك شارائىت ۋە بەلگىلىك دائىرىدە تارقىلىشقا،
ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر خىل كەيپىيات شەكىللەندۇرىدۇ.
مانا بۇ ئىجتىمائىي كەيپىيات دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلغار مىللىي
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بۈگۈنكى
دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى دادىل قوبۇل قىلىشنى
بىرلەشتۈرەلىگەن ئىجتىمائىي كەيپىيات تولىمۇ قۇدرەتلىك
بولىدۇ، جەڭگىۋار بولىدۇ، مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىدا
غالىب كېلەلەيدۇ. ئەمما گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بەلگىلىك بىر ئۆزگىچە مە-
دەنىيەتنىڭ ساھىبى بولمىش ئىجتىمائىي گەۋدە جەزمەن
ساپالىق بولۇشى كېرەك. ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھېكمىتى
بىلەن بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ قىممە-
تىنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيدىغان ئىجتىمائىيەت بولمىسا ھايا-
تىي كۈچكە تولغان ئىجتىمائىي كەيپىيات روياپقا چىقمايـ-
دۇ. ئۆزلۈكتىن ياتلىشىش شۇ قەدەر تېز بولۇۋاتقان بۈ-
گۈنكى كۈندە «مىراس» ژۇرنىلى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-
مىزنى مىللىتىمىزگە قايتا نامايان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئو-
مۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى نىشانلىماقتا. «مىراس» ژۇر-
نىلىمىز سەھىپىلىرى ئىنچىل رەڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق
بولۇپ كەلدى. ژۇرنالنىڭ «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سە-
ھىپىسى ئەجدادلىرىمىزغا ئۇزاق تارىختىن بۇيان مەنىۋى
ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەقلىي بىلىش-
نىڭ ئەڭ گۈزەل دۇردانىلىرى بولغان ئاجايىپ سېھىرلىك
ھېكايەتلەر ۋە قىسسەلەرنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سوۋغا
قىلىپ كەلدى. مىدىيە ۋە تېلېۋىزور ئومۇملىشىشقا يۈزلەن-
گەن جەمئىيىتىمىزدە ياشلارغا، بولۇپمۇ 1980 - يىللاردىن
كېيىن تۇغۇلغان ياشلارغا نىسبەتەن ئەجدادلاردىن مىراس
قالغان، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا، زاماندىن- زامانغا ئۆتۈپ
ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەقلىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەن
چۆچەكلىرىمىز، ھېكايە، قىسسە، ئەپسانە، رىۋايەتلىرىمىز
باشقا ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان
مەنىۋى دۇنيالارنى ئاتا قىلدى. ئۇلار دەل مۇشۇ سەھىپى-
دىن ئۆزلىرى چەكسىز ئىپتىخارلىنىدىغان ئەجدادلىرىنىڭ
بالىلىق چاغلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ نۇرلۇق چېھرىگە
سۆيدى. ئۇلار قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن
پەخىرلەندى، باھادىر ئەجدادلىرىنىڭ دۇلدۇللىرىنىڭ كى-
شنەشلىرى ۋە تۇياقلىرىدىن چىققان ئۇچقۇنلىرىدىن قەلبى
ھاياجانغا تولۇپ روھلىرى ئۇرغۇدى. ژۇرنالنىڭ «يىلتىز-
سىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارى-
خىي كەچمىشلىرى، يىلتىز، نەسەب، شەجەرلىرىنى، تارىخىي
ئەپسانە- رىۋايەتلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ مىللىي تارىخىي تونۇشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا
ناھايىتى زور رول ئوينىدى. يىلتىزسىز دەرەخ ھېچ زامان
ياشنىمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەت دەرەخ بولسا، ئۆتكەنلەر-
نىڭ بەدىئىي ئەقلىي بىلىشلىرى ۋە تارىخىي كەچمىشلىرى
ئاشۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىدۇر. يىلتىزى ئۈزۈلگەن دەرەخ
قۇرۇغىنىغا ئوخشاش مەنبەسىز مەدەنىيەتمۇ ھاياتىي كۈچ-
تىن مەھرۇم بولىدۇ. مانا شۇ ھەقىقەتنى تولۇق بىلەن چۈ-
شەنگەن «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسى مىللىي
مەدەنىيەت دەرىخىمىزنىڭ ھەقىقىي پەرۋىشكارى بولال-
دى. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ»
سەھىپىسى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق
تارىختىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل قائىدە- يوسۇنلى-
رىنى، ساقلىق- ساغلاملىق ھەققىدىكى ھېكمەتلىرىنى ۋە
ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، «ئالىم بولساڭ
ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسى چاغداش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ
ئېغىز ئەدەبىياتىمىز، فولكلورىمىز، قىسقىسى مىللىي مەدە-
نىيىتىمىز ھەققىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر بىلەن ئوقۇرمەنلى-
رىمىزنى يېقىندىن ئۇچراشتۇرۇپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ قىممە-
تىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.
راستىنى ئېيتقاندا ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇزاقتىن بۇيان مانا
مۇشۇ سەھىپىلەر ئارقىلىق ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى
يوسۇنلىرىنى بىلىپ كەلدى. ھەرقانداق بىر مىللەت
ئۈچۈن ئېيتقاندا قائىدە- يوسۇن مىللىي ئۆزلۈكنىڭ ئەڭ
يارقىن جۇلالىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، ئىنسان ئىجتىمائىيەتنىڭ
بىر ھۈجەيرىسى بولغانىكەن، ئۇ جەزمەن مۇئەييەن قائى-
دە- يوسۇنلار ئىچىدە ياشايدۇ. مىللىي قائىدە- يوسۇنلار
مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدىنى ئەڭ كۈچلۈك ھاياتىي گەۋدى-
گە ئىگە قىلغاندۇر. شۇ ۋەجىدىن ئەۋلادلىرىمىزغا مىللىي
يوسۇن ۋە قائىدىلەرنى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ قولىغا مىللىي
كىملىكنى تۇتقۇزغانغا باراۋەردۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقان-
دا بىزنىڭ مەزكۇر سەھىپىلىرىمىز تولىمۇ خاسىيەتلىك ۋە
زەخىرىلىك مۇنبەرلەردۇر. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بۇلاردىن
باشقا سەھىپىلىرىمۇ ئوخشىمىغان مەزمۇن نۇقتىلىرىدىن

چىقىپ تۇرۇپ خۇددى شۇنداق ئىھسانلىق قەدەملەرنى
بېسىپ كەلدى. ئالايلى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ «مىللىتىم
ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپە-
سى ئەۋلادلىرىمىزنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشنى نە-
شانلاپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي ئۆگۈتلىرىمىزنى تەشەببۇس
قىلسا، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپە-
سىدە چەت ئەل بىلگىنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت
ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلى-
دۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت
ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئوقۇر-
مەنلەرگە بۈگۈنكى ئىلغار مەدەنىيەتلەر ۋە مۇنەۋۋەر ئەن-
ئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەر-
نى بېرىدۇ... قىسقىسى «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان-
دىن بۇيان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى بۈگۈن
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ھەقىقەتەن پەۋقۇلئاددە زور
رول ئوينىدى. قارىشىمچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ خەلقى-
مىز مەنىۋى ھاياتىدىكى رولىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جە-
ھەتتىن خۇلاسىلەش مۇمكىن:

1. «مىراس» ژۇرنىلى 30 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك مىراسلىرىنى
نەشر قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. خەلقىمىزنىڭ ئاغ-
زاكى ئەدەبىيات مۇھىتىدىمۇ يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا
بارغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلى-
رى، ئۇيغۇرخەلق ماقال-تەمسىللىرى، ئۇيغۇر خەلق چۆ-
چەكلىرى، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى قاتارلىق
تۈرلەر بويىچە نۇرغۇن قىممەتلىك مىراسلىرىمىز ژۇرنى-
مىزدا ئېلان قىلىندى. بۇ ھال بىباھا مىراسلىرىمىزنىڭ
مەڭگۈ يوقالمايدىغان ئابىدە بولۇشتەك ئىمكانىيىتىنى ھا-
زىرلىدى. «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ ئۇزاق ئۆت-
مەيلا مەملىكەت بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ
تۈرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمە-
تى باشلاندى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ
ئىغىر، ۋەزىنلىك خىزمىتى راستىنى ئېيتقاندا «مىراس»
ژۇرنىلىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم
رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ
توپلام خىزمىتى، بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى ۋە
باشقا نۇرغۇن پىلان مەسىلىلىرى «مىراس» ژۇرنىلىدا
ياكى «مىراس» ژۇرنىلىدىكى مېھنەتكەش تەھرىرلەرنىڭ
ئەمەلىي ھەرىكىتىدە روياپقا چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا
نۇرغۇن مىراسلىرىمىز قوغداپ قېلىنىشقا سەۋەب بولدى،
بۈگۈن بىز شۇ قىممەتلىك مىراسلىرىمىزدىن بەھرىلەنگەن-
دە «مىراس» دېگەن خاسىيەتلىك مۇنبەر بىلەن سۆيۈن-
مەي تۇرالمايمىز.

2. «مىراس» ژۇرنىلى ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىگە
دائىر ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، بولۇپ-
مۇ ماددىي، مەنىۋى فولكلور ۋە يوسۇن، ئادەت فولكلورىغا
ئائىت خېلى نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئېلان
قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات رىتىمىدا يوقىلىپ
كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي
فولكلور، ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە گۈزەللىك ئادەتلىرى ھەققى-
دە نۇرغۇن بىرىنچى قول تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە
تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ مىللىي فولكلورىمىزنىڭ
ھەقىقىي قىممىتىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇتتى. نەتىجىدە
«مىراس» ژۇرنىلى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە
پسىخىكىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرا يو-
لىنى بارلىققا كەلتۈردى. فولكلورنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسىمۇ
مىللىي مەدەنىيەتنى قېزىشتۇر. فولكلور ئىلمى ئەنە شۇنداق
ۋەزىپە ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئورتاق ئالغا سىل-
جىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي فولك-
لورىمىزنى قېزىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئىزچىل ئاكتىپ
ۋە بايراقدار ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

3. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ھەق-
قىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئۆزىمىزدە تولىمۇ كېچى-
كىپ قولغا ئېلىندى. ھېلىھەم بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى قە-
دەمدىكى ئىلمىي ئىشلار ئىشلىنىۋاتىدۇ دېسەك ئارتۇق
كەتكەن بولمايدۇ. مۇشۇ پەن ساھەلىرىدە بىر تۈركۈم
ئاسپىرانتلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى كەلگۈسى تەتقىقاتلىرى-
مىزنىڭ شانلىق ئىلمىي نەتىجىلىرىدىن بېشارەت بېرىپ
تۇرماقتا. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا «مىراس»
ژۇرنىلى ئۇلارغا كەڭ ئىلمىي ئىزدىنىش مەيدانىنى ھازىر-
لاپ بەردى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور
تەتقىقاتى بويىچە ئىزدىنىۋاتقان ياش ئىلمىي قوشۇنىنىڭ
دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئومۇمەن «مىراس» ژۇر-
نىلىدا ئېلان قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئىزچىل ۋە ئەتراپلىق ئىز-
دىنىشىگە غايەت زور ئىلھام بېغىشلىدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ
ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
ۋە ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە يېقىنقى زامانلاردا چەت

ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ۋە ئالىملىرى بىزدىن بۇرۇن
توپلاش، رەتلەش ۋە ئىزدىنىش ئىشلىرىغا كىرىشكەنىدى.
«مىراس» ژۇرنىلى مانا شۇ ئالىملارنىڭ ئىزدىنىش نەتى-
جىلىرىنىمۇ توختاۋسىز ئېلان قىلىپ ئۆزىمىزدىكى كەمتۈك-
لۈكلەرنى تولۇقلاشتا خېلى زور ئەجىر سىڭدۈردى. مەس-
لەن، سۋېن ھېدىن، كاتونوف، چوقان ۋەلىخانوف، گۇننار
ياررىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەينى چاغلاردا رايونىمىزدا توپلى-
غان قىممەتلىك مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بىزنى ئۆزىمىز بىل-
مەيدىغان بايلىقىمىز بىلەن تەمىنلىدى.

4. «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ئو-
قۇرمەنلىرىمىزنى زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئارىسىدىكى
مۇناسىۋەتلەرگە دائىر مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ
ئۇلارنىڭ مىللىيلىق ۋە زامانىۋىلىق مەسىلىلىرىگە بولغان
تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ژۇرنال-
نىڭ ئۇزاقتىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئالىم بولساڭ
ئالەم سېنىڭكى»، «دۇنياغا نەزەر»، «ئەينەك» ۋە
«ئادەت قېرىماس» سەھىپىلىرى دەل مانا شۇنداق مەز-
مۇنلارنى نىشانلىغاندۇر. ژۇرنال مۇشۇ سەھىپىلەر ئارقى-
لىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى ۋە زامانىۋى مەدە-
نىيەتنىڭ زۆرۈرىيىتى مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئىجتىمائىي
تەسىرى خېلى زور، تەسىرلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ
كىشلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تەربى-
يەلىدى. بولۇپمۇ ژۇرنال ياشلىرىمىزغا ئاتا-بوۋىلىرىمىز-
نىڭ تولا قىممەتلىك ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنى
ئىلمىي رەۋىشتە تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخار-
لىق روھىنى ئۇرغۇتتى. چۈنكى قائىدە-يوسۇن بىر مىل-
لەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكىللىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بەلگىلى-
رىدىن بىرى. ئۇ ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇپ،
مىللەت ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان
ئۆلچەمدۇر. ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلار مىللەت-
نىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە تەدرىجىي شەكىللىنىپ
مۇكەممەللەشكەن مىللىي ھاياتنىڭ تەركىبىي قىسمى بول-
غاچقا، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنى مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە
قىلىپ مىللەت ئەزالىرىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى بىر مەر-
كىزىي نۇقتىنىڭ تەرتىپىگە چاقىرىدۇ. مېنىڭچە «مىراس»
ژۇرنىلى مۇشۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس تارىخىي ۋە-
زىپىسىنى خېلى ياخشى ئورۇندىدى.

5. «مىراس» ژۇرنىلى ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز سەھىپى-
لىرىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق بولۇشىغا ئالاھىدە كۈچ
سەرپ قىلىپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا
ۋە ئىچ بەت كۆزنەكلىرىدىنمۇ تولۇق پايدىلىنىپ ئەنئەنى-
ۋى مىللىي فولكلورىمىزغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك فوتو
سۈرەتلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلىپ كەلدى. بۇ ماتېرىيال
ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قىممەتلىك بىرىنچى قول تەتقىقات ما-
تېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. نىھايەت ھازىر بىزگە مىللىي
فولكلور، تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت ۋە يوسۇنلارغا ئالاھى-
دە دىققىتىنى ئاغدۇرىدىغان فوتوگرافلار مەيدانغا كەلدى.
بىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانىدا دېگۇدەك ئا-
شۇنداق فوتو سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ-
دىن دىلىمىز سۆيۈنىدۇ، بۇ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ يەنە
بىر زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسە كالام شۇكى، «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قى-
لىنغاندىن بۇيان ئەنئەنىۋى مىللىي مىراسلىرىمىزنى بۈگۈن-
گە ئۇلاش ۋە بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جە-
ھەتتە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زور تۆھپە قوشتى.
مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بۇ يەردە «مىراس» ژۇرنى-
لىدا بۇرۇن ئىشلىگەن ۋە ھازىر ئىشلەپ كېلىۋاتقان مېھ-
نەتكەش مۇھەررىرلەرنىڭ مىننەتسىز ئەجرىگە ئەڭ ئالىي
ئېھتىرام بىلەن سەممىي باش ئېگىمەن!

ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى كەلىمە ئۈمىدىم شۇكى، ھازىر
ھەر جەھەتتىن شارائىتىمىز ئىمكان بېرىدىغان بولغاچقا
ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز
لازىم. نەشر ئەپكارىمىزنى تەھرىرلىك سەۋىيەسى ۋە تېخ-
نىكىلىق سەۋىيە جەھەتتە خەلقئارا ئىلمىي تەلەپلەرگە ئۈز-
لۈكسىز يېقىنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى
تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى ئىستىداتلىق، ياش مۇھەررىرلەر
چوقۇم بۇ ئىشلارنىڭ ئىلمىي ۋەزنىنى ياخشى چۈشىنىدۇ
ۋە ئۇنى شۇنداق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئىزاھلار:

① ئاخمەت جافېرئوغلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى
سۆزلۈكى»، ئىستانبۇل، 1968-يىل، تۈركچە نەشرى، 186-بەت.

② ر. ر. ئارات: «قۇتادغۇبىلىك ئىندېكسى»، 1979-يىل،
ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى، 291-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنس-
تىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر تېۋپلرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش سرى

قۇربانجان ئوبۇل

ھەممە ئادەم ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلايدۇ. لېكن ھەممە ئادەمنىڭ ھەممە جەھەتتىن ساغلام بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى ناتايىن. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىش بولماستىن بەلكى، كىشلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق تىرىششى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان مەسىلە. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئىنسانىيەتتىكى مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان سەۋەبلىرى ئىرسىيەت، جۇغراپىيە ۋە تۇرمۇش مۇھىتى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، يېمەك-ئىچمەك ئادىتى قاتارلىق تۆت خىل بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «دۇنيادىكى بەش چوڭ ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتى»دىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى بارلىقى ئېنىقلاندى. ھازىر خەلقئارالىق مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى گۇاڭشىنىڭ باما، شىنجاڭنىڭ خوتەن، پاكىستاننىڭ خۇنزا، رۇسىيەنىڭ زاكاۋ كازىبى، ئېكۋاتورنىڭ بىلكابامبا قاتارلىق جايلىرىنى «دۇنيادىكى بەش چوڭ ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتى» ① دەپ بېكىتتى.

جۇملىدىن رايونىمىز ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر نىسبەتەن كۆپ رايون بولۇپ، رايونىمىزدىكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرىنى تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈلگۈچى خادىملارنىڭ قان ئەۋرىشكىسىدىن بايقىلىشىچە، 100 ياشتىن ئاشقان بوۋايلارنىڭ قېنى تەركىبىدىكى ئالاقىدار ھورمۇنلارنىڭ سەۋىيەسى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن 25-40 ياشقىچە ئىكەن. جىنسىي ھورمۇنلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى بولۇپ، ئۇلار يەنىلا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. تەتقىقات ئارقىلىق بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى مېۋە-چېۋىلەرنى يەپ تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا. ھەر خىل يېڭى مېۋە-چېۋىلەر ئۇلارنىڭ ئورگانىزمىنى ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۈپەتلىك ئوزۇقلار

بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئۇلار ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى نا-
ھايىتى ئاز يېگەن. تاماكا چەكمىگەن، ھاراق ئىچمىگەن.
ياشانغانلار ئىچىدىكى 105 ئادەمدىن 91 ئادەم تاماكا
چەكمىگەن، 86 ئادەم ھاراق ئىچمىگەن. 100 ياشلىقلار-
نىڭ 99% ى ئورۇق، سېمىزلىك كېسىلى ۋە يۇقىرى قان
بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولمىغان. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن
بوۋاي-مومايلار داۋاملىق چىشنى مىسۋاكلاپ تۇرغان.
بۇنىڭدىن باشقا جاي ھاۋاسىنىڭ ساپ بولۇشى، ئىناق ئا-
ئىلە كەيپىياتىمۇ بۇ ياشانغانلارنىڭ ساغلام بولۇپ، ئۇزاق
ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى مۇھىم ئامىل②.

دېمەك، رايونىمىز دۇنيادىكى بەش چوڭ ئۇزاق
ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتىنىڭ بىرى بولۇپ، رايونىمىزنىڭ
ئۇزاق ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتى قاتارىدىن ئورۇن ئالالى-
شى ئۇلارنىڭ ئىستېمال قىلىۋاتقان يېمەك-ئىچمىكى، دا-
ۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادىتى، ياشاۋاتقان مۇ-
ھىتى، كىيىۋاتقان كىيىم-كېچىكى، قىلىۋاتقان ھەرىكىتى قا-
تارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

جۈملىدىن رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىمۇ يۇقىرىقى ئامىللار بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل ئامىللار تېۋىپلارنىڭ ئۇزاق
ئۆمۈر كۆرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغاندىن سىرت، يەنە
تېۋىپلارنىڭ كۈچلۈك بولغان ساقلىقنى ساقلاش ئېڭىنى يې-
تىلدۈرۈشى، ئۆزىنىڭ تېببىي بىلىملىرى، بەدەن ساغلام-
لاشتۇرۇش، كۈتۈنۈشكە دائىر ئاددىي ئۇسۇللار ۋە
ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى پىششىق بىلىشى قاتارلىقلار-
مۇ ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدە ھالقىلىق
رول ئوينايدىغان بولۇپ، تېۋىپلار ئىزچىل تۈردە ساقلىق-
نى ساقلاش قائىدىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە
ساغلام بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر تېبابىتى ــــ ئىنسان بەدىنىنى بىلىش، ئىنسان-
لار ياشايدىغان مۇھىت ۋە شارائىتلار ئۈستىدە ئىزدىنىش،
ئىنسانىنىڭ بەدىنى ۋە روھىي جەھەتتىكى ساقلىق-كېسەل-
لىك ھالەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايقاش، ئالدىنى ئېلىش
ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش،
ھەرخىل كېسەللىكلەرنى تۈرلۈك دورا ۋە دورىسىز چارى-
لەر ئارقىلىق داۋالاش، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆمرىنى ئۇزارتىشنى تەتقىق قىلىدى-
غان پەن بولغاچقا، ئۇيغۇر تېبابەت پېشىۋالىرىمىز ئۇيغۇر
تېبابەتچىلىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەللى-
كىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تېببىي بىلىملىرىنى
ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر
كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. شۇنداقلا باشقا كىشىلەرنىڭ
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سە-
ۋەبى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ
تۇرمۇشنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك،
تۇرمۇش ئادىتى، ياشاش مۇھىتى، كىيىۋاتقان كىيىم-كېچە-
كى، ھەرىكىتى، ساقلىقنى ساقلاش ئېڭى، تېببىي بىلىملە-
رى، بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش، كۈتۈنۈشكە دائىر ئاددىي
ئۇسۇللار ۋە ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە بىر خىل ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس
قىلالايمىز.

**1. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى
ياخشى تەكشۈرۈپ ئوبدان كۈتۈنۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن**

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزلىرى يا-
شىغان ئىقلىم شارائىتىغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاسا-
سەن، نۇرغۇنلىغان تاماق ئېتىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ۋە
ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان نۇر-
غۇنلىغان ئەنئەنىۋى تاماقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مىل-
لىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى
شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يېمەك-ئىچمەكلەر تەبىئەت
جەھەتتىن ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق ئىسسىق،
قۇرۇق سوغۇق دەپ بۆلۈنگەچكە، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى
كۈندىلىك ئىستېمالدا ۋە ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىك-
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ
تەبىئىتى، تەسىرى ۋە ئۆز مىزاجىغا قاراپ ئىستېمال قىلىش-
نى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كۈنلۈك ئوزۇقلىنىش ئادىتى جە-
ھەتتە ئادەتتە ئىككى ۋاق نان بىلەن چاي ئىچىدۇ. يەنى
ئەتىگەندە ئەھۋالىغا قاراپ ناننى قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق
مېغىزى، ھەر خىل مۇراببا، قەنت، ناۋات بىلەن ياكى
ناننى چاي بىلەن ئىچىش، ھۆل ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق
توقاچ، نان يېيىش ئادىتى خېلى ئومۇملاشقان. چۈشتە
بولسا پولۇ، مانتىغا ئوخشاش گۆشلۈك، قۇۋۋەتلىك تائاملار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نى ئىستېمال قىلىدۇ ياكى بولمىسا ناننى قېتىق بىلەن يەيدۇ. ياز پەسلىدە تاماقتىن كېيىن ھەرخىل ھۆل مېۋىلەردىن قوغۇن-تاۋۇز يەيدۇ. كەچلىكى سۇيۇق-سەلەك تاماقلارنى ئىستېمال قىلغان ياكى بولمىسا لەغمەن بولسا ئاش سۈيىنى؛ پولۇ، مانتا قاتارلىقلار بولسا، چاينى بىللە ئىستېمال قىلغان.

دېمەك، تېۋىپلار يېمەك-ئىچمەك ئىستېمال قىلىشتا، يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئۆز مىزاجىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش، ئۆزى بىلگىنىچە ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئوزۇقلىنىشنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىلمىي بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق بەدەننىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى يېمەك-ئىچمەكلەر ئارقىلىق قامداپ، ئورگانىزمنىڭ نورمال خىزمەت بىجىرىشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قوناق ئۇن تائاملىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ئىستېمال قىلغان. بولۇپمۇ ئەتىگەندە، قوناق ئۇنىدا ئوماچ تەييارلاپ، گۆلە، جىگدە، چىلان سېلىپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئادەتتە ئۇ دەۋرلەردە قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن ئوماچ، كۆلگە كۆمۈلگەن كۆمەچلەر ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆمەچ توغراق، يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنىڭ چوغىغا كۆمۈلگەچكە، تەمى ئۆزگىچە ھەم سىڭىشلىك، قۇۋۋىتى يۇقىرى، زىيان قىلمايدىغان بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا بەدەنگە قۇۋۋەت تولۇقلاپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئادەتتە قوناق ئۇن تائاملىرىنىڭ قاندىكى ماينى پارچىلاش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، ئىستېمال قىلىنسا، يۇقىرىقى تەسىرلىرى ئارقىلىق قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئەتىگىنى قوناق ئۇن تائاملىرىنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ، چۈشلۈكى پولۇ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئادەتتە پولۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئىستېمال قىلىنىش تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان، شۇڭلاشقا كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر قەدەر كۆپ ئىستېمال قىلىنغان.

ئادەتتە پولۇ قوي گۆشى، گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز، ئۆسۈملۈك مېيى، تۇز، شوخلا قاتارلىق خۇرۇچلاردىن تەييارلىنىدۇ. بۇ خۇرۇچلار تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، سېلىن، فوسفور، سىنك، تۆمۈر، كالتسىي، ۋىتامىن b2 قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار مول بولغاچقا، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، روھنى ئۇرغۇتۇپ يۈرەك، مېڭە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەيپىياتنى ياخشىلاپ، پۈتۈن ئەزالارنىڭ فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا رايونىمىز شىنجاڭدىن «دۇنيا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى» كۆپ چىقىشى خەلقىمىزنىڭ پولۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى يۇقىرىقىدەك تەڭشىگەندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتەك ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش بولسا، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، بىمارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق ماس كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەر خىل شىپالىق يېمەك-ئىچمەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ تېزرەك ساقىيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. تېۋىپلار دەل ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىغا ناھايىتى ماھىر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ مىزاجىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلگەندە، تاماقنى تەڭشەپ سالامەتلىكىنى ئاسراپ كەلگەن.

يەنى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئۆزىنىڭ مىزاجىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ مىزاجىغا ئاساسەن ماس كېلىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ماس كەلمەيدىغان يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىپ ساقلىقنى ساقلىغان، مۇنزىج ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، شۇنىڭدەك غەرب تېبابەت دورىلىرىنى ئىشلەتمىگەن.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى بەدىنى ئاجىز، كەم ماغدۇر بولۇپ قالغاندا مۇتلەق غىزا تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى، مىزاجى ئۆزگەرگەندە غىزايى داۋائى تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى، كېسەل بىلەن ئاغرىغاندا، داۋائى غىزايى تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىگە يېتىپ كەلگەن.



رايونىمىز تېۋىپلىرى ئىچىدىغان سۇيى جەھەتتە، ئېقىن سۇ، دەريا سۇيى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان دەريا، بۇلاق سۇلىرىنى ئەڭ سۇپەتلىك دەپ قارايدۇ ۋە مۇشۇنداق سۇ ئىچىشنىڭ پايدىسىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئۇلار تاغ-دەريا سۇلىرى كۆپ كۆرگەن، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلغان ئەركەك سۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىشلىتىلىدىغان سۇنى دەريا، كۆللەردىن توشۇپ ئەكىلىپ، ئىدىش، چوڭ چۆگۈن، قاپاق قاتارلىقلاردا ساقلاپ ئىچكەن. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى سازلىق، زەيلىك يەرلەردىن سىرغىپ چىققان ياكى تەبىئىي داشلارغا يىغىلىپ قالغان توختام سۇلار پاكىز ئەمەس، ئىچىشكە يارىمايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا خەلقىمىزمۇ ئەتراپتا ئېقىن سۇ بولسىلا، خېلى يىراق يوللارنى بېسىشتىن ئايانماي، ئېقىن سۇ ئەكىلىپ ئىچىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى يازلىقى بولسا، قاردا دوغاپ، سوغۇق شەربەت، سوغۇق چىلانمىلارنى ئىستېمال قىلىپ ئۆزىنى كۈتكەن. بولۇپمۇ قىزىپ قالغاندا ياكى ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە، مۇز، قېتىق، قايماق، شىرنە قاتارلىقلاردىن قاردا دوغاپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلغان. ئەگەر ئۆزىدە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر كۆرۈلگەندە، ھەرخىل مېۋىلەرنى قايىنتىپ شەربەت تەييارلاپ، ئۇنىڭغا سۇ ۋە مۇز پارچىلىرىنى قوشۇپ سوغۇق ئىچىملىك تەييارلاپ ئىستېمال قىلغان. مەسىلەن، جىگدە شەربىتى، زىرىق شەربىتى قاتارلىقلار. يەنى شۇنداقلا قۇرۇق ئۈزۈم، قارا ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، گۆلە، چىلان قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىر خىلنى بىر نەچچە ئۇلۇش قايناق سۇغا چىلاپ، كۆپتۈرۈپ سوۋۇغاندا، مۇز پارچىلىرىنى سېلىپ سوغۇق چىلانما تەييارلاپ، مېۋىلىرىنى يەپ، سۇيىنى ئىچىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە ئۆزىدىكى تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقلىقنى ساقلىغان.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى يەنە پەرھىزلىك تاماقلارغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. يەنى ئۆزىدنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، شىپالىق تاماقلارنى ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر قىسىم تاماقلاردىن پەرھىز قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى تاماق بىلەن داۋالاشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، سوغۇقى ئېشىپ قالسا ھارارەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يەپ مىجەزىنى تەڭشىگەن. ئىسسىقى ئېشىپ قىزىپ قالسا، سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يېيىش ئارقىلىق مىجەزىنى تەڭشىگەن.

قان بېسىم، جىگەر، بۆرەك، ئۆت، يۈرەك كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغاندا، مايلىق گۆشتىن پەرھىز قىلغان. ئۈششاق يارا، تەمرەتكە، دانىخورەك، بۇۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قالسا، ئاچچىقسۇ، لازا، جاڭيۇلاردىن پەرھىز قىلغان. يۇقىرى ھارارەتلىك (ئىسسىق دەپ قارالغان) كېسەللىكلەر ياغدا قورۇلغان گۆش، تۇخۇم، ئۆردەك، غاز، كەپتەر گۆشلىرىدىن پەرھىز قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كونا گۆش، ئورۇق قېرى كالا، قېرى ئۆچكە، قېرى ساغلىق، ئورۇق توخۇ گۆشلىرىنى زىيانلىق دەپ قاراپ، ئۇنى يېيىشتىن پەرھىز قىلغان، ئاشقازان كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغاندا ھۆل مېۋە-چۆۋە يېيىشتىن پەرھىز تۇتقان.

قەنت سىيىش كېسەللىكى ۋە بۆرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغاندا تاتلىق تاماق، بۇغداي ئۇنى تاماقلىرىنى ئىستېمال قىلمىغان.

كېزىك، زاتىل، سەرسام، زۇكام، زىققى، كېكىردەك، كاناي، قىزىتما كېسەللىرى بىلەن ئاغرىغاندا زاغۇن يېغى، قىچا يېغى ۋە شىرنىلىك تاماقلارنى ئىستېمال قىلمىغان.

ئومۇمەن، يېمەك-ئىچمەك بىلەن كېسەل داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېسەل داۋالاشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبىبلىرى پايدىلىق يېمەك- ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆزىنى كۈتۈش بىلەن بىللە، بىر قىسىم يېمەك- ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىشنى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە ئاساس سالغان.

**2. ئۇيغۇر تېبىبلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ۋە ئۆيىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ**

ئۇيغۇر تېبىبلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئۆيلىرى توغراق ياغىچىدا تۇۋرۇك، بالا قويۇلۇپ، يۇلغۇن، قومۇش بىلەن قوشام قىلىپ سامان لاي بىلەن چاپلاپ ۋە سۇۋاپ ياسالغاچقا، مەيلى قىش ياكى ياز پەسلى بولسۇن ئۆيىنىڭ ھاۋاسى ساپ، يورۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ، بۇمۇ تېبىبلارنىڭ ساغلاملىقنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يەنى بۇ خىل ئۆي سالقىن، ھاۋالىق، قۇرغاق، ئىللىق بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەردە تۇرغاندا تۈرلۈك نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيىنىڭ توروس، تۇۋرۇك قىسىملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچلارغا تۈرلۈك گۈللۈك نەقىشلەر ئويۇلۇپ تەبىئىي مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل نەقىشلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا خۇشاللىق پەيدا قىلىپ، سالامەتلىككە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرىنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ سالغان ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىدىن، قىشلىق قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىق مېۋە-چىۋىلەرنى، يەنە بىر قىسىم ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىدىن بىر قىسىم دورا-دەرمەك، ئوت-چۆپ دورىلارنى خالتىغا ئوراپ قويغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى تاملىرىغا شاخ-مېۋىلىرى بىلەن ئېسىپ قويغان مارجان شوخلا، يەر باغرى ئوت، باغلاپ قويغان يۇمغاقسۇت قاتارلىق دورىلارنى، مورا بېشى ۋە تەكچىلەردىكى ياغاچ قۇتا ۋە قاپاق قۇتىلاردا خوتەن قەغىزىگە تۈگۈپ قويغان تەرەنجىبىن، ئارپا بەدىيان، ئوغرىتىكەن ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى، قارا سۆگەت يىلتىزى، بوزۇغا، ئىگىر قاتارلىق خام دورىلارنى، ياغاچ كورىغا قاچىلانغان تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ مۇراببىاسى، شەربەتلىرى، شىرنىسى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە بولسا، چوراڭ سېۋەت ۋە ياغاچ كۆپلەردە گۆلە، شاپتۇل قېقى قاتارلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبىبلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سالقىن، ھاۋالىق ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىپ ساقلىقىنى ساقلىسا، ئۆي ئىچى-سىرتىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆيدە تۈرلۈك مېۋە-چىۋە، دورا-دەرمەكلەرنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئۇيغۇرلار ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆيىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە تۈڭلۈك قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەن. ئادەتتە تۈڭلۈك ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەيدىغان مۇھىم يول بولۇپ، قۇياش تىك ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، تۈڭلۈكتىن قۇياش نۇرى، ساپ ھاۋا ئۆي ئىچىگە كىرىدىغان بولغاچقا، ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئۆي ئىچىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. نەتىجىدە تۈرلۈك نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ھۆللۈكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۆيىنى ئىسسىتىشتا ئۆي ئىچىدىكى ئوچاققا ئوت قالىغان، يورۇقلۇق ئۈچۈن چىراغ ياندۇرۇپ كەلگەن. نەتىجىدە بۇلاردىن كۆپلىگەن ئىس-تۈتەك، گاز پەيدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغاش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئىس - تۈتەك، كېرەكسىز گازلارنى تۈڭلۈك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىپ، ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ساقلىقىنى ساقلىغان.

ئۇلار يەنە قىشلىقى تۇرىدىغان ئۆيلىرىگە كالىك سېلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، قىش پەسلىدە بۇنىڭغا ئوت قالاپ، ئۆزىنى ئىسسىق ساقلاش ئارقىلىق سوغۇقتىن بولغان بەل ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، سوغۇق يەلدىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، قول-پۇت ئىسسىماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئۇلار يەنە ھويلا-ئاران ئىچىدە گۈل ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئادەتتە ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش شۇ ھويلىنى

2013.1

رەڭدار تۇرمۇشقا ئىگە قىلغاندىن باشقا يەنە، شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كىشىگە روھىي جەھەتتىن خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھويلا-ئاراندا ئۆستۈرۈلگەن گۈللەر كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ساپ ئوكسىگېن چىقىرىپ، ھويلىنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن بولىدىغان ۋە مۇھىت بۇلغىنىشتىن يۈز بېرىدىغان بىرقىسىم كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەجدادلىرىمىز سەھەر تۇرۇپ، گۈللەرگە سۇ قۇيغاچ گۈللەرگە قاراپ، كۆزىنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كەلگەن.

ئۇلار يەنە ھويلا-ئاران ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى سېلىشنى ئادەت قىلغان. ئۇلار ھويلا-ئاران ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەردىن كۆپىنچە ئۆرۈك، ئالما، ئەنجۈر، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈجمە، ئالۇچا... قاتارلىقلارنى تىكىپ، بىر تەرەپتىن ھويلا-ئارانىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆز مىزاجىنى تەڭشەپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئۇلار يەنە ھويلا ئالدىغا باراڭ ياساشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار ھويلا - ئارانلىرىنى كەڭرەك ياساپ، ئۇنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش، ھاۋالىق قىلىش، ياز پەسلىدە سايىداش مەقسىتىدە، ئۆي تەرەپكە قارىتىپ باراڭ ياسىغان. بولۇپمۇ ئۇلار ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈپ ياكى قاپاق، كاۋا تېرىپ باراڭ ھاسىل قىلغان. باراڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆكتات تېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يەنى خەلقىمىز بىر تەرەپتىن باراڭ ھاسىل قىلغان دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، سايىداش مەقسىتىگە يەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شىپالىق تەسىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان.

### 3. تېۋىپلەر يالاڭ ئاياغ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن

ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن تېۋىپلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى ياز پەسلىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىشتىن ئىبارەت. تېۋىپلارنىڭ كۆپىنچىسى 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان تومۇز كۈنلەردە پۇتىغا ئاياغ كىيمەيدۇ. ئادەتتە يالاڭ ئاياغ ماڭغاندا، قۇياش نۇرىدا تۇپراقنىڭ ھارارىتى تاپان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تارقاپ، سۆڭەكلەرنى چىڭىتىدۇ، تومۇرلارنى ئاچىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇلار يازنىڭ پىژغىم ئىسسىقلىرىدا ئايىغىنى سېلىۋېتىپ قۇرۇق توپا (تۇپراق) ياكى قۇمساڭ يەرلەردە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرىغان ۋە كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن. ئەلۋەتتە يازلىقى يالاڭ ئاياغ يۈرۈشنىڭ رېماتىزىم، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى ۋە باشقا تۈرلۈك بەدەن ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە پايدىسى چوڭ بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىستېمىلىق ھالدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

ئادەتتە پۇت ئالقىنى قۇم بىلەن ئۇچراشقاندا، قۇم تەركىبىدىكى ھەرخىل پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشى ۋە قۇمنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ بەدەنگە يەتكۈزۈلۈشى ھەمدە بەدەندىكى ئارتۇقچە ھۆللۈك قۇم تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق تىز، ئوشۇق بوغۇم ئاغرىقى، پۇت-قول تېلىپ ئاغرىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، تېۋىپلارنىڭ يازلىقى يالاڭ ئاياغ مېڭىپ بېرىش ئادىتى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ساقلىقنى ساقلاش ئەھمىيىتى زور بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇخىل قىممەتلىك ساقلىقنى ساقلاش تەجرىبىلىرى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كېسەل داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 4. تېۋىپلار كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن

قاتناش قوراللىرى يوق دېيەرلىك بولغان ئۆتمۈشتە ھەممە ئادەم دېگۈدەك پىيادە يول يۈرەتتى. دەل تېۋىپلارمۇ باشقىلار تەرىپىدىن كېسەل كۆرۈشكە چاقىرتىلسۇن ياكى كېسەل داۋالاش، دورا تارقىتىش ئىشلىرىغا ئاتلانغاندا بولسۇن، ئۇلار بۇ جەرياندا پىيادە يول يۈرۈپ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تېۋىپلار جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىقمۇ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن، يەنى ئانچە-مۇنچە ئېتىز-ئېرىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش، چارۋىلارغا ئوت-چۆپ بېرىش، دەل-دەرەخلەرنى چاتاش، پۇتاش قاتارلىق يەڭگىل ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇنداقلا تاماق يەپ بولغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن، پىيادە مېڭىپ بېرىش ئارقىلىق تاماقنىڭ سىڭىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. سەھەر تۇرۇپ بىر-ئىككى كىلومېتىر يول مېڭىپ بەرگەن.

ئادەتتە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ بەرگەندە، ئۇمۇمي بەدەننىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئورگانىزمدىكى قۇۋۋەت، روھلارنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالار خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە، قان ئايلىنىشى جانلىنىپ، مېڭىدىكى نېرۋىلارنىڭ قان ۋە ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىشى كۈچىيىدۇ-دە، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىش، سېزىمچانلىقى تۆۋەنلەش، روھىي كەيپىياتى سۇسلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە قاننى جاخلاندۇرۇپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىراپ-كېڭىيىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە قان تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق يۈرەك ئاجىزلىق، يۈرەك مۇسكۇلىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۈرەك قان تومۇرلىرى توسۇلۇش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى كېرەكسىز سۇيۇقلۇق، بەلغەم قاتارلىقلارنىڭ بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىشى تېزلىشىپ، ئۆپكە ياللۇغى، كاناي ياللۇغى، يۆتەل، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، زۇكام قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

تاماقتىن يېرىم سائەت كېيىن يەڭگىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە، ئاشقازاننىڭ لۆمۈلدەمە ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، ھەزىم خىزمىتىنى ياخشىلاپ، يېمەكلىكلەرنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا يېمەكلىكلەرنىڭ ئاشقازاندا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەزىم بۇزۇلۇپ، سىيىق كېكىرىش قاتارلىقلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە، تېرىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بەدەندىكى كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلارنى تەر ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاپ، تېرىنى سۇزۇكلەشتۈرۈپ، گۈزەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق تېرىدىكى داغ، سەپكۈن، دانىخورەك، تېرە قارىداش، تېرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى تۆۋەنلەش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**5. تېۋىپلار مۇۋاپىق ئارام ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن**

تېۋىپلار كېسەل كۆرۈپ ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچىغاندا بولسۇن ياخشى ئارام ئېلىپ ساقلىقنى ساقلاپ كەلگەن. ئارام ئېلىش بولسا، بىرەر ئىش قىلماي، ھېچ نەرسىنى ئويلىماي جىمجىت ئولتۇرۇش، يېتىش ۋە قېتىپ ئۇخلاشنى كۆرسىتىدۇ. تولۇق ئارام ئېلىش ۋە قېنىپ ئۇخلاش چارچىغان ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ناھايىتى پايدىلىق.

ئۇنىڭدىن باشقا يېتەرلىك ئۇخلىغاندا قېنىپ ئۇخلىغىلى، بۇ ئارقىلىق مېڭىنى تولۇق ئارام ئالدۇرۇپ، مېڭە خىزمىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، نەتىجىدە بەدەننىڭ مېڭە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك خىزمەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**6. روھىي كەيپىياتنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بەرگەن**

كۆپىنچە تېۋىپلار ئوچۇق-يورۇق، خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل كەيپىياتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇلارغا كېسەل كۆرۈش جەريانىدا بولسۇن، مۇئامىلە جەھەتتە بولسۇن ئىلمىي، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئۆزىگە روھىي بېسىم پەيدا بولۇشتىن ساقلانغان، شۇنداقلا تېۋىپلار كېسەل كۆرۈپ ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچىغاندا ئۇلار ئوغۇل-قىزلىرى، نەۋرىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلارغا مەسلىھەت ۋە تەلىم بېرىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، روھىي كەيپىياتىنى تەڭشىگەن. يەنى پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھال-ئەھۋالى، يۇرتتىكى ئۆزگىرىشلەر، جەمئىيەتتىكى قىزىقارلىق ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىشىپ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى چارچاش، روھىي بېسىم، غەم-ئەندىشە قاتارلىقلارنى

يوقىتىپ، بەزى كېسەللىكلەردىن ساقلانغان، يەنە شۇنداقلا بالىلىرىغا تېپىشماق، ھېكايە، ئۆتمۈشنى سۆزلەپ بېرىش، چۆچەك، قىسسە ، داستان، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنى سۆزلەش، ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى روھىي بېسىمنى ئازايتقان.

ئادەتتىمۇ بەدەندە روھىي كەيپىياتىدا ئۇزاق مۇددەت نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بەدەندىكى مىزاج ۋە خىلتقا تەسىر كۆرسىتىپ، مىزاج ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپ، ئاقىۋەتتە بەدەندە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى روھىي كەيپىياتتا ئۆزگىرىش بولسا، بۆرەك ئۈستى پوستلاق بەز ماددىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى كۆپەيتىپ، يۈرەك ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىش ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىپ، قان بېسىمنى ئۆرلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈرەك ھۈجەيرىلىرىنىڭ چارچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يۈرەك ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە يۈرەك نېرۋا تالالىرىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش رولىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ، بەدەندە مەلۇم دەرىجىدە مىزاج بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىرراقلىرىدا ئۆلگەن ھۈجەيرە بىلەن يۈرەك نېرۋا تالالىرىنىڭ خىزمىتى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ، بىمارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە ياخشى روھىي كەيپىيات قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. بەدەندىكى ئەزالارنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشىنى ۋاقتىدا كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. بەدەننى كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق قىلىدۇ. كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۇرغۇتىدۇ. نەتىجىدە بۇلار ئارقىلىق ساغلاملىققا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

**7. تېۋىپلار تازىلىققا ئەھمىيەت بەرگەن.**

تېۋىپلار ئۆزىنىڭ ئۆي-ھويلا تازىلىقى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تازىلىقى بولسۇن ۋە ياكى شەخسىي تازىلىقى بولسۇن، يېمەك-ئىچمەك، يېمەك-ئىچمەك جابدۇقلىرى، كىيىم-كېچەك تازىلىقى بولسۇن ھەممىسىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن.

بولۇپمۇ شەخسىي تازىلىق جەھەتتە سەھەر تۇرۇپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇش، پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، چاچ-ساقاللىرىنى ۋاقتىدا ئېلىپ، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنداقلا ھەرۋاقىت تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇيۇشنى ئادەت قىلغان. كىيىم-كېچەك جەھەتتە كۆڭلەك، ئىشتان، پايپاق قاتارلىق يېنىك كىيىملەر كىرلەشكەندە يەڭگۈشلەپ، ھايۋانات ياغلىرى ۋە شاخاردىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كىر سوپۇنلار ئارقىلىق يۇيۇپ تۇرغان. جۇۋا، پاختىلىق ئىشتان-چاپان قاتارلىق سۇغا چىلاپ يۇيۇشقا بولمايدىغان كىيىملەرنىڭ كىرلاشقان جايلىرىنى ماتا لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ سۈرتۈپ يۇيۇپ، ئاندىن پات-پات ئاپتاپقا يېيىش ئارقىلىق پاكىزلىقنى ساقلىغان.

كۈندە ئەتىگەندە، تاماقتىن كېيىن چىش چوتكىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېغىز بوشلۇقىنىڭ پاكىزلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. يەنى ئەتىگەندە بارماق توملۇقىدىكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى 15 ~ 16 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، سىرتقى پوستىنى قىرىپ سىلىقلاپ چىش چوتكىسى ياساپ، چىشنى چوتكىلاپ، چىشنى ئاسراپ كەلگەن (ئادەتتە چۈچۈكبۇيا زەھەر ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق چىشنى ئاسراش، پارقىرىتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ).

ھويلا-ئاران تازىلىقى جەھەتتە، سەھەر تۇرۇپ ھويلا-ئارانلىرىنى پاكىز تازىلاپ، سۇ سېپىپ ئۆي ئىچى ۋە ھويلا-ئارانلىرىغا ۋاقتى قەرەلىدە سېرىق چېچەك، ئادراسمان، جىگدە تەمچى، يول تەمچى قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىسىنى ئۆينىڭ ۋە ھويلا-ئاراننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يەتكۈزۈپ ئىسرىق سېلىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنىڭ ساپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان (ئادەتتە سېرىق چېچەك، ئادراسمان، جىگدە ياغىچى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، بۇلارنى كۆيدۈرۈپ، ئىسىنى ئۆينىڭ ۋە ھويلا-ئاراننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يەتكۈزۈپ ئىسرىق سالغاندا، ئۆي ئىچىدىكى ۋە مۇھىتتىكى كېسەللىك مىكروبلىرىنى يوقىتىپ، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇپ، شۇ ئۆيدە ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىس-تۈتەكتىن ئۆي ۋە ھويلا-ئارانلاردىكى بىر قىسىم ھاشاراتلار قاچىدىغان بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى ۋە ھاشاراتلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ).

**7. تېۋىپلار مۇۋاپىق كىيىنىش ئارقىلىق كېسەللىك-**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



2013.1

**تىن ساقلانغان**

تېۋىپلار كىيىم- كېچەكنىڭ كىشىلەرگە ھۆسن-
سالاپەت بېغىشلىغاندىن باشقا سالامەتلىككىمۇ بىۋاستە
تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىلا
تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، مۇۋاپىق كىيىنىش ئارقىلىق سا-
لامەتلىكنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇلار
يازدا يېنىك، قىشتا قېلىن كىيىنىشكە ئادەتلەنگەن. ياز كۈن-
لىرى يىپەك ۋە پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى
كىيىشكە ئادەتلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىسسىقلىقنى تارقىتىش،
ھاۋا ئۆتكۈزۈش، تەر سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ياخشى بول-
غاچقا، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاپ، بەدەنگە راھەت
بېغىشلايدۇ. قىش كۈنلىرى پاختىلىق ئىشتان- چاپان،
تۇماق- تەلپەك، كۆن ئۆتۈك ياكى پىيما كىيىشكە ئادەتلەن-
گەن، بۇنىڭ بىلەن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن، زۇكام قاتار-
لىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلانغان، قىش كۈنلە-
رى سىرتتا ئەمگەك قىلغاندا ياكى ھارۋا، ئات- ئېشەكلەر
بىلەن يىراقراق سەپەرگە چىققاندا تەلپەك، جۇۋا، پىيما قا-
تارلىق كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق سوغۇق تېگىپ قېلىش-
تىن بولىدىغان زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە كېسىلى، بوغۇم ئاغرى-
قى، توڭلاپ قېلىشتىن بولىدىغان قۇلاق، پۇت- قوللار
ئۇششۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلانغان.

ئىچ كىيىملەرنى كەڭرەك كىيىشكە ئادەتلەنگەن.
يەنى ئىچ كۆڭلەك، كالتە ئىشتان ۋە ئىشتانلارنى كەڭرەك
كىيىش ئارقىلىق تاناسىل ئەزالىرىنىڭ (كۆپىيىش ئەزالىرى)
ئۇزاققىچە بېسىلىپ- غىدىقلىنىپ تۇرۇشىدىن كېلىپ چىقىدى-
غان كېسەللىكلەردىن ساقلانغان.

ئۇلار يەنە باشتاق يۆرمىگەن. باشتاق يۆرگەندە
باشقا ئىسسىق ياكى سوغۇق ئۆتۈش نەتىجىسىدە، ئاسانلا
كېسەللىك يۈز بېرىدۇ. چاچلارمۇ قۇرغاقلىشىپ، چۈرۈك-
لەپ يېرىلىپ كېتىدۇ، ھەتتا شاللىشىپ كېتىدۇ. تاسادىپىي
يىقىلىش، ئۇرۇلۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە باش- كۆز
لەرنىڭ زەخىملىنىش خەۋپىمۇ چوڭراق بولىدۇ. شۇڭا تې-
ۋىپلار قىش- ياز باشتاق يۆرمىگەن. پەسىلگە قاراپ
تۇماق، تەلپەك، دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىق باش كىيىم-
لەرنى كىيىش ئارقىلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش
نىسبىتىنى ئازايتقان.

ئۇلار ياتقاندىمۇ باشتاق ياتماسلىق ئادىتىنى يېتىل-
دۈرگەن. ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئادەمنىڭ سىرتقى تېمپېراتۇرا
ئۆزگىرىشىگە بولغان ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ. نەتىجىدە ئا-
سانلا باشقا سوغۇق ئۆتۈشتىن بولىدىغان زۇكام، باش
ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا
تېۋىپلار قىشتا تېرە تۇپلىك، يازدا شاپاق دوپپا كىيىپ
يېتىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق بۇنداق كېسەل-
لىكلەردىن ساقلانغان.

تېۋىپلار پۇتا باغلاشقا ئادەتلەنگەن. يەنى ئۇلار
ئىشتىن ئەمگىكى، ئۆي- ھويلىلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇش
قاتارلىق ئائىلىۋى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە
ئالغان. بۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلغاندا، ئاسانلا قورساق
ئاستىدىكى سىرىق ئەت يىرتىلىپ زەخىملىنىش، چىقۇق
بولۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە كىيىم تىكىپ كىيىش ئادىتى ئەلك دەسلەپ بارلىققا
كەلگەن چاغلاردا تۈگمە قاداش تېخى بارلىققا كەلمىگەن.
سوغۇق پەسىللەردە كىيىمنىڭ ئالدى پەشلىرى ئېتىلمىسە،
سوغۇقتىن ساقلاش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. تېۋىپلىرى-
مىزمۇ مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن پوتا باغلاش ئادىتىنى
بارلىققا كەلتۈرگەن ھەمدە كۈچەش، چىگقىلىشتىن بولىدى-
غان كېسەللىكلەرنى ئازايتقان. شۇنداقلا بەل ئاغرىش، ئو-
مۇرتقا، بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

**8. ئەرمەك ھايۋانلارنى بېقىش ئارقىلىق ساغلام-**
**لىقنى ئاسراپ كەلگەن**

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر
خەلقى ئىچىدە، چارۋامال بېقىلمايدىغان ئائىلە يوق دېيەر-
لىك. چۈنكى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق
زىچ بىرىكىپ كەتكەن، ئادەملەرمۇ يەر تېرىپ گاللىغا، مال
بېقىپ پۇلغا ئىشلەشكە كۆنۈپ كەتكەن.

تېۋىپلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئەلۋەتتە.
تېۋىپلارمۇ زىرىكنى تۈزۈش، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش
ئۈچۈن بىر قىسىم ئەرمەك ھايۋانلارنى بېقىشقا ئادەتلەن-
گەن. بولۇپمۇ ئۇلار ئات، قوي، توخۇ، كەپتەر، دەمدەر،
ئىت، قارچىغا، قاراقۇشقاچ، تورغاي قاتارلىقلارنى بېقىش
بىلەن بىللە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، شۇنداقلا
ئۇلارنى ئۆزى ئاچ- توق قالسىمۇ بۇ ھايۋانلارنى ۋە
قۇشلارنى جان كۆيدۈرۈپ بېقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن،
سايراش- ئۈنلەشلىرىدىن، پايدىسىدىن سۆيۈنۈپ ھۇزۇرلى-
نىپ، كۆڭۈل ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقنى چىقارغان.

**10. تېۋىپلار ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ئۆزد-**

نى يىراق تۇتۇش ئارقىلىق ساقلىقنى ساقلاپ كەلگەن

ئادەتتە ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرى دېگەندە ھاراق ئىچىش، تاماكا، نەشە، ئەپيۇنگە ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، جىنسىي مۇناسىۋەتكە زىيادە بېرىلىپ كېتىش، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئورتاق ئىشلىتىش، بىر ئورۇندا بىللە تۇرۇش، بىر قاچىدا بىللە تاماق يېيىش.... قاتارلىق ئادەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تېۋىپلار يۇقىرىقىدەك ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بەدەنگە بولغان زىيىنىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەچكە، بۇنداق ئادەتلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ھاياتنى قەدىرلەپ كەلگەن.

ئادەتتە بۇنداق ناچار تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشى روھنى خورىتىپ، بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مېڭىدىكى روھىي نافسانىينى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەزالارنىڭ ۋاقتىدا ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ، بەدەندە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلار تېۋىپلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر بولۇپ، مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېۋىپلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسلىق سىرىنى چوڭقۇر بىلىش مەقسىتىدە، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەن، لېكىن بۇ دۇنيا بىلەن ئاللىبۇرۇن ۋىدالاشقان بىر قانچە تېۋىپنىڭ بالىلىرى ۋە شاگىرتىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرگەنلىكى ۋە ھاياتنى قانداق ئاسرىغانلىقى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردىم.

1. ئەمەت ھاجىم (1882-يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ، 1994-يىلى 112 يېشىدا ۋاپات بولغان).

ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم ئېيتىپ بېرىشىچە (ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم، ئەمەت ھاجىمنىڭ خىزمەتدىشى ھەم شاگىرتى).

ئاتاقلىق تېۋىپ مۇدىر ۋىراچ ئەمەت ھاجىم 1882-يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەنىكەن. 1904-يىلى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمى بويىچە بىلىم ئالغان بولۇپ، 1904-يىلدىن باشلاپ تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە كۆپ ھەسسە قوشقان ئىكەن. بۇ جەرياندا كېرىيە ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بۆلۈمىدە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن.

ئۇ ئۆمرىدە يېمەكلىكلەرنى تەڭشەپ ئىستېمال قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، كۆپرەك قوناق ئېشى ۋە مېغىز يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئىكەن. ھاراق-تاماكىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىكەن. ئەتىگىنى سۈت، ھەسەل، قايماق قاتارلىقلارنىمۇ كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىكەن. تاماقنى ناھايىتى ئاز يەيدىكەن، ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قېتىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ساياھەت ئۆمىكى بىزنى بېيجىڭغا ساياھەتكە ئاپارغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇستازىمىز تامىقى ئۈچۈن ھەرقېتىم پەقەت بىر تال موما يەيتتى، باشقىلار بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپ كېتەتتى. تاماقنى كۆپرەك يەۋالسىلا دېسىمۇ ئۇ ئۇنىمايتتى. شۇ ۋاقىتتا بىز سەددىچىن سېپىلىغا ساياھەتكە چىقتۇق. ئەمەت ھاجىم بولسا، پەلەمپەيگە گۈس-گۈس دەسسەپ ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا بىللە بارغان تېۋىپلار ۋە بىرقىسىم چەت ئەللىكلەر بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ قېرىلىقىغا قارىماي ئەجەب ماڭىدىكەن دەپ، ھاجىمنىڭ بۇنداق تېتىك، جانلىق، ساغلام ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى.

يەنە ئەسلى گەپكە كەلسەك، ئەمەت ھاجىم تامىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ئەتىگىنى چاي بىلەن نان يېيىشكە، چۈشلۈكى پولۇ يېيىشكە ئادەتلىنىپتۇ، شۇنداقلا ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا، باشقىلارغا يول كۆرسىتىشكە، تەربىيە بېرىشكە ئامراق ئىكەن. سەھەر تۇرۇپ يول مېڭىپ بېرىدىكەن، ساياھەت قىلىشقا ئامراق ئىكەن. كۆپىنچە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىش قىلىدىكەن، باشقىلار ئىشىغا قوشۇق سالسا ياكى مەسلىھەت بەرسە ۋە ياكى بىرەر ئىشتىن توسۇسا ئاچچىقلاپ قالىدىكەن. تۇرمۇشى ناھايىتى تەرتىپلىك ئىكەن. كىيىم-كېچەك جەھەتتە پاختا كىيىم كىيىدىكەن. يازلىقى يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن. ھەتتا يازلىقى ئۆزىنىڭ مىزاجىدا ئۆزگىرىش بولسا، بىر تەرلىۋالساق كېسەل چىقىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، پېژغىرىم ئىسسىقتىمۇ دەرھال جۇۋىنى كىيىپ تەرلىنىدىكەن. قىشلىقى جۇۋىنى كۆپرەك كىيىدىكەن، پاختا، تۆگە، قوي يۇڭىدىن كىيىم تىكىپ كىيىدىكەن. ئۇ قان مىزاج بولۇپ، مىزاجنى تەڭشەشتە ئۇيغۇر تېبابەت جەھەتتىكى بىلىمى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىكەن.

2. تۇردى هاجى: (تۇردى هاجى 1863 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1987 - يىلى 124 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن).

هاجى مۇھەممەد باقى ئالىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە:

ئاتاقلىق تېۋىپ تۇردى هاجى 1863 - يىلى خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

ئۇ ئۆمرىدە يېمەك - ئىچمەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، هاراق - تاماكىدىن يىراق تۇرغان ئىكەن. قىممەتلىك تاماقلارنى ۋە قوناق ئېشىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىكەن، بولۇپمۇ ئۇماچ ئىچىشكە، شۇنداقلا ئۇماچقا گۆلە، جىگدە سېلىپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشقا ئامراق ئىكەن. ئۇ هاجى مۇھەممەد باقى ئالىم بىلەن قوشنا بولغاچقا، مۇھەممەد باقى ئالىمغا كۆپىنچە ئۇماچ سۇنۇپ بېرىدىكەن. تاماق تاللىمايدىكەن، سەي - كۆكتاتنى كۆپرەك يەيدىكەن. پىيادە يول يۈرۈشكە ئامراق ئىكەن. بەزى ۋاقىتتا دورا ئۈچۈن جاۋارىش كۇمۇنى، تەرياق ئىستېمال قىلىدىكەن. مىزاجى هۆل ئىسسىق مىزاج بولۇپ، تاماق دورىنى مىزاجىغا قاراپ ئىستېمال قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىغا ئاساسەن دورىلىق چاي تەييارلاپ، مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرىدىكەن.

ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى مۇھىم ئامىل دېيىشكە بولىدۇ. تۇردى هاجى هاياتىدا خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولۇپ، لوپ ناھىيەلىك ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەش جەريانىدا توپلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرۇپ، 1987 - يىلى 124 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

3. ئىلىخان ھەزرىتىم (1887 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1989 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 102 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن).

هاجى مۇھەممەد باقى ئالىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە:

ئاتاقلىق تېۋىپ مۇدىر ۋىراچ ئىلىخان ھەزرىتىم 1887 - يىلى خوتەندە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنكەن. 1897 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، پۈتۈن هاياتىدا ئاساسەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى رېتسېپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەكنى تەڭشەپ تۇرغان ئىكەن. يەرلىك مېۋە - چۈۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىكەن، كۆپىنچە دورىلىق چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەنىكەن. بەزىدە قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرىدىكەن، مىجەزى ئېغىر، چىقىشقاق بولۇپ، ئەتراپتىكىلەر بىلەن ياخشى ئۆتكەنىكەن.

ئىلىخان ھەزرىتىم لوپ ناھىيەسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدا ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا ئىشلەش داۋامىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك مىراسلىرىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە 1989 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 102 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

دېمەك، تېۋىپلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش ئادىتى، ياشاش مۇھىتى، كىيىۋاتقان كىيىم - كېچەكى، ھەرىكىتى، ساقلىقنى ساقلاش ئېڭى، تېبىي بىلىملىرى، بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش، كۆتۈنۈشكە دائىر ئادەتلىرى ئۇسۇللار ۋە ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنى كۆتۈش جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىسسىق - سوغۇق ۋە هۆل قۇرۇقلۇقنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى مۇۋاپىق كۆتۈش، روهىي كەيپىياتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، يېمەك - ئىچمەك، كۈندىلىك تۇرمۇشنى قانۇنىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ۋە مۇۋاپىق چېنىقىش، زىيادە چارچىماسلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق هاياتلىق كۈچىنى ساقلاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن.

ئىزاھات:

① مۇختار هوشۇر «خويمۇ ئۇز خوتەن»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2010 - يىل 12 - ئايى 1 - نەشرى، 172 - بەت.

② هۇشۇر ئەمەت «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 2 - بەت.

③ هۇشۇر ئەمەت «ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 2 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ئاتسنڭ ئۇيغۇر مەدەنيەت تارىخدىكى ئورنى

**ئابدۇبەسر شۆكۆرى**

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا ياشاپ غەرب - شەرق مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ھەرخىل ئىگە- لىك شەكىللىرىدە روشەن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا غەرب - شەرق مەدە- نىيىتى ۋە ئالاقىسىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»دە ئاق نىيەت تېكىن كەمبەغەل، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ، ئاچ قالغان بىچارىلەرنىڭ بەختىنى ئىزدەپ سەدىقە بېرىپ ئوردا خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويىدۇ. ئەمما چىغاي بودۇن (كەمبەغەللەر) تۈگىمەيدۇ. نەتىجىدە تېكىن ھەممەيلەننىڭ كىيىمنى پۈتۈن، قورسىقىنى توق قىلىش ئۈچۈن ئوردا دانىشلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلىدۇ. دانىشلار ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە مەسلىھەت بېرىدۇ.

بىرى دېدىكى، (مال - دۇنيا) تېپىشتا تېرىقچىلىق قىلىشتىن ياخشىسى يوق. كىمكى بىر قېتىم زىرائەت تېرىسا، مىڭلاپ - تۈمەنلەپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بىرى دېدىكى، قوي، يىلقى باقسا، يىلقىغا كۆپىيىپ باي بولغىلى بولىدۇ. بىرى دېدىكى، شەرق ۋە غەرب (ئەللە- رى) ئارىسىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلسا، باي بولغىلى بولىدۇ...② قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غۇرچە مەتنلەردە غەرب ۋە شەرق ئەللىرى ئارىلىقىدا سودا-تىجارەت قىلىش باي بولۇشنىڭ يولى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك قەدىمكى ئۇيغۇرلار يىپەك يولىدا يىراق قەدىمي دەۋرلەردىن تارتىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلقتۇر. ئۇلار ئاشۇ ئۇزاق مۇساپىلىك سودىلاردا ئىنچىل ئاتتىن پايدىلانغان. ئوتتۇرا ئۈزلەڭلىككە نىسبەتەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا قاتارلىق ھەرخىل ئىگىلىكى، ھەتتا ھەربىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتنىڭ رولى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا كېلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇددىئالىرىدىن بىرى خەن خانلىقى ئۈچۈن ئات سېتىۋالىدىغان مەنبەلەرنى ئۇقۇشۇش ئىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن غەرب-شەرق سودا-مەدەنىيەت مەنزىلى — يىپەك يولى روياپقا چىقتى. ئەلۋەتتە قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە «يىپەك يولى» ئاتالمىسى ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئاتالغۇنى بۇنىڭدىن 135 يىل مۇقەددەم، يەنى مىلادىيە 1877-يىلى گېرمانىيە جۇغراپىيەشۇناسى فېردىناندۋون رىچخوفېن (Ferdinandvon Richthofen) (1833—1905) ئوتتۇرىغا قويغان③. شۇنىڭدىن بۇيان دۇنيا ئىلىم ساھەسى مەزكۇر ئاتالمىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەرب ئەللىرىنىڭ شەرق قىزغىنلىقى پەۋقۇلئاددە بىر پەللىگە چىقتى. ئاشۇ قىزغىنلىقنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ف. رىچخوفېن ئىدى. ئۇ 1868-يىلى ئامېرىكا كالىفورنىيە بانكىسىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن جۇڭگوغا 2-قېتىم ئېكسپېدىتسىيەگە كېلىپ شاڭخەيدە ئەنگلىيە سودا جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەسى ۋە يەر شەكلى ھەققىدە تۇنجى قېتىم زور كۆلەمدىكى ئۇنۇبېرسال تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ئۇ تۆت يىل ئىچىدە شۇ چاغدىكى جۇڭگودىكى 18 ئۆلكىدىن 15نى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ جۇڭگونىڭ كان بايلىقلىرى ۋە ئۇنى ئېچىش ئىستىقبالىنى ئېنىقلىدى. گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بادىنپوتىنبۇرگ ئىشتاتىدىن كەلگەن بۇ جۇغراپىيە بىلگىنى 1872-يىلى گېرمانىيەگە قايتىپ بېرىپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، خەلقئارا جۇغراپىيە ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ «جۇڭگودىكى ساياھەتلىرىم ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىم» (1877—1912) ناملىق بەش توملۇق بىر ئەسەر يازدى. دەل ئاشۇ ئەسەرنىڭ 1-، 2-توملىرىدا ئۇ قەدىمكى جۇڭگونىڭ شىمالىدا «يىپەك يولى» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر يولنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ يولنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم قاتناش جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم (1877-يىلى) ئوتتۇرىغا قويغانىدى④. رىچخوفېننىڭ بۇ بايقىشى غەربلىكلەرنىڭ شەرق سىرلىرىغا قىزىقىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. رىچخوفېننىڭ ئوقۇغۇچىسى شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) ئۇستازىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا يەتتە قېتىم كەلدى. ئۇ بۇ رايونلاردا جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈشلىرىدە بولدى. رۇسىيەلىك نىكولاس پىرژېۋالسكي (Nicholas Przwevalsky) ۋە ئوبراچېۋ (Obrochev) لار، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيەلىك م. ئا. ستەيىن (M.A.Stein)، فىرانسىيەلىك پ. پېللىئوت (Paul Pelliot)، گېرمانىيەلىك ئا. گرۈنۋېدېل (Albert Grunwedel) ۋە لېكوك (LeCoq)لار ئېكسپېدىتسىيە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كەينى-كەينىدىن رايونىمىزغا كەلدى. ئۇلار غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىلىرىدە «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاندا-ساندا ئىشلەتتى. گېرمانىيەلىك تارىخشۇناس خېرمان 1910-يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو بىلەن سۇرىيە ئارىلىقىدىكى قەدىمكى يىپەك يولى» ناملىق ئەسىرىدە يىپەك يولىنى ئىلمىي جەھەتتىن بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ غەرب-شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ساھەسىدە مەزكۇر ئاتالما قەدەممۇ قەدەم ئومۇملاشتى.

ئەمەلىيەتتە مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 3-، 4-ئەسىرلەردە قەدىمكى جۇڭگو يىپەك رەختلىرىنىڭ ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەردە ۋە ھىندىستاندا كەڭ تارقىلىشى ھەمدە جياڭ چيەننىڭ پەرغانىگە بېرىشىدىن ئاۋۋال جۇڭگودىن جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئۆتىدىغان قەدىمىي سودا يولىنىڭ بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئالېكساندىر ماكېدونسكى (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 356—323) ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغاندا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى مەزكۇر ئەلنىڭ شىمالىدىكى ۋە غەربىدىكى بەزى رايونلاردا يىپەك رەختلەرنى ئۇچراتقان. ئۇلارغا يەرلىك خەلق بۇ يىپەك رەختلەرنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن

توقۇلغانلىقىنى ئىپتىشقان. ئەمما بۇ يىپەك رەختلەر ھىن-
دىستاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرلەردىلا «سىنا
پاتتا» (Cina patta) دەپ ئاتالغىنىدىن قارىغاندا ئەڭ
دەسلەپتە قەدىمىي جۇڭگودىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.
غەربىي گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مى-
لادىيىدىن ئاۋۋالقى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت قەبرىدە قەدىمىي
جۇڭگودىن ئېلىپ كېلىنگەن يىپەك رەختتىن تىكىلگەن
كىيىم ئەۋرىشكىلىرى بايقالدى⑤. دېمەك بۇ ئەمەلىيەتلەر
ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن ئىلگىرىمۇ غەرب-
شەرق سودا يولىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.
ئەمما گەپ شۇ يەردىكى، تاكى خەن دەۋرلىرىگىچە
بولغان يىراق قەدىمىي دەۋرلەردە قەدىمكى جۇڭگونىڭ
يىپەكلىرى غەرب سودىگەرلىرى تەرىپىدىن غەرب ئەللىرى-
گە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ساكلار،
سوغدىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى خەلقلىرى بى-
رونزا دەۋرلىرىدىلا بۇ يولدا ئالاھىدە روللارنى ئوينىغان
بولۇشى، يەنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىپەك توقۇلما بۇيۇم-
لىرىنى غەرب ئەللىرىگە ئېلىپ بارغان بولۇشى لازىم. مى-
لادىيىدىن ئاۋۋالقى 138 ـ يىلى جياڭ چيەن چاڭئەندىن يولغا
چىقىپ لۇڭشى ئارقىلىق غەربىي يۇرتلارغا يول ئالدى. بۇ
چاغدا ئۇلار 100دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، يول باشلىغۇ-
چىسى تاڭيى گەنفۇ (堂邑甘父) ئىدى. تاڭيى گەنفۇ
ھۇن ئىدى. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. يولدا ئوزۇق-
تۈلۈك تۈگەپ ئامالسىز قالغاندا قۇش ۋە ياۋايى ھايۋان-
لارنى ئوۋلاپ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئوزۇقلاندۇراتتى.
دەسلەپ، جياڭ چيەن يولغا چىققاندا، ئۇلار 100 نەچچە
ئادەم بولسىمۇ، 13 يىلدىن كېيىن ئاران تاڭيى گەنفۇ ئىك-
كىسى قايتىپ كەلگەن ⑥. 13 يىل ئىچىدە جياڭ چيەن
11 يىلدىن ئارتۇق ھۇنلارغا تۇتقۇن بولدۇ. مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 125 ـ يىلى ئۇ چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ غەربتى-
كى ئەللەر ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇلۇغ ياۋچىلار، پەرغانە،
كانكىيە، باكتىرىيەلەر ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي ئۇچۇر-
لارنى خەن خانىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچى قېتىم جياڭ
چيەن يەنە خەن خانىنىڭ يارلىقى بىلەن مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى 119 ـ يىلى 300دىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىللەنگەن
ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ غەربىي ئەللەرگە كېلىدۇ. ئۇ
بۇ قېتىم خېلى كۆپ مال- دۇنيا بىلەن سودىگەرلەر قىياپى-
تىدە غەربىي ئەللەرگە كەلگەچكە ھېچكىم ئۇنى تۇتقۇن
قىلمايدۇ ⑦. ئۇ ئىككىنچى قېتىم غەربىي ئەللەردىن 115 ـ
يىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەن خانىغا شۇ ئەللەر ھەق-
قىدە تېخىمۇ كەڭ مەلۇماتلارنى يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇ-
ماتىدا غەربتىكى ئەللەردىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنىڭ
چىقىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرى قەدىمكى جۇڭگو
ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ يىپەك رەختلىرىنى ياخشى
كۆرۈپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، بۇ ئەل خەلقلىرىمۇ بۇ تاۋار-
لارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايدىغانلىقى، ئۇلاردا ئەڭ ئېسىل
نەسىللىك ئاتلارنىڭ كۆپ يېتىشتۈرۈلىدىغانلىقى قاتارلىق
مۇھىم ئۇچۇرلار ئىدى⑧. جياڭ چيەننىڭ ئىككىلا قېتىم-
لىق سەپىرى خەن ئوردىسىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىنى ئو-
رۇنلىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكىدەك تارىخىي
ئەھمىيەتلەرگە ئىگە بولدى.

1. جياڭ چيەن غەربىي ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك
خېلى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى خەن خانىغا يەتكۈزدى.
بولۇپمۇ ئۇلۇغ ياۋچىلار، پەرغانە، تۇخارىستان، كانكىيە،
ئۇيسۇنلار، ئارساك (بۇخارا)، ئاۋرىسى، شام، رىمگان،
ئەنەتكەك، كروران ئۇدۇن، قوچۇ قاتارلىق ئەللەر ھەققى-
دە خېلى تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى ئېلىپ كەلدى. خەنۇۋدى
تۇنجى قېتىم غەرب ئەللىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ
نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى.

2. جياڭ چيەن 1 ـ قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خان
يارلىقى بىلەن غەربىي ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ كېلىپ، ئوت-
تۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەر بىلەن سودا ـ سېتىق ۋە
بېرىش ـ كېلىش ئالاقىسىنىڭ ئاساسىنى سالدى. بولۇپمۇ
خەن خانلىقىنىڭ ئۇيسۇن خانلىقى بىلەن بولغان ئالاقىسى-
نى ئورناتتى⑨.

3. جياڭ چيەن خەن ئىلگە ھەممىدىن زۆرۈر
بولغان ئاتنى سېتىۋالىدىغان ئورۇنلارنى تاپتى. ئۆزىمۇ 2 ـ
قېتىملىق سەپىرىدىن يانغاندا نەچچە ئون تۇياق «پەرغانە
دۇلدۇللىرى»نى ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا بۇ ئاتلارنى
كۆرۈپ خەن خانى چەكسىز سۆيۈنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە يەنە ئۇ غەربتىكى ئەللەرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
قانداق مەھسۇلاتلىرى كېرەك بولىدىغانلىقىنىمۇ تەپسىلىي
ئۇقۇپ كەلدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە»
لەردە جياڭ چيەن ئۇچۇن ئايرىم سەھىپىلەرنىڭ بېرىلى-
شى، بۈگۈنكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئۇنى غەرب ـ شەرق مە-
دەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئەلچىسى دەپ تەرىپلىشى دەل

www.uyghurkitap.com





مۇشۇ ۋەجىدىندۇر.
«تارىخي خاتىرىلەر» ۋە
«خەننامە»دىكى بايانلاردىن قا-
رىغاندا ئەينى چاغلاردا خەن خاند-
لىقىنىڭ ئاتقا ھەممىدىن بەك ئېھتى-
ياجلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.
«خەننامە»دە مۇنداق بايان
بار:
«... پەرغانىلىكلەر شاراب-
خۇمار كېلىدۇ، ئاتلىرى بېدە
يەيدۇ. پەرغانە خانلىقىدا 70دىن
ئارتۇق شەھەر بار. ئېسىل ئاتلار
كۆپ چىقىدۇ. بۇ ئاتلاردىن قان
تەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، بۇ ئاتلارنىڭ ئەسلي
نەسلى تۇلپار ئىكەن.
جياڭ چيەن خەنۋۇدىكى بىرىنچى بولۇپ تۇلپار
ئاتلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەچكە خەنۋۇدى ئەلچىلەر
ئارقىلىق 1000 جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات ھەيكىلى ئەۋە-
تىپ پەرغانىنىڭ ئېسىل ئاتلىرىنى تەلەپ قىلدى... پەرغانە
خانى بۇ ئېسىل ئاتلىرىنى ئاياپ بەرمىدى»⑩.
ئىنىقكى خەن خانلىقى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك رايونلىرى ئۈچۈن ئات ھەممىدىن مۇھىم قورالغا ئاي-
لانغان. شۇ ۋەجىدىن ئاشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ خەن
خانلىقى غەربىي يۇرتلاردىكى ئەللەردىن ئات سېتىۋېلىش
ئىستىكىدە نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ ئەتكەن. گېرمانىيەلىك
ئانتروپولوگ ۋە مەدەنىيەتشۇناس كلىمكېيت مۇنداق
دەيدۇ: «يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئا-
رىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزئارا بېرىپ-
كېلىشتە ئاساسلىقى ئاتلىق ماڭاتتى، پىيادە مېڭىش ئاز كۆ-
رۈلەتتى، چۈنكى ئارىلىق ئۇزاق بولغانىنىڭ ئۈستىگە
تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاتلارنىڭ
مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتلەردىن ئوچۇقلا كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ: كۇشان پادىشاھلىقى (مەركىزى ھازىرقى
ئافغانىستان)دا، ئات ئىلاھى «لۇراسپا» بولغان»⑪. ئە-
مەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. سودا-سېتىق ئىشلى-
رى، ھەربىي ئىشلار، ئەڭ ئاددىيسى پوچتا ئالاقىسى ئۇ-
چۇنمۇ سەرخىل ئاتلار بولمىسا بولمايتتى. راستىنى ئېيتقاند-
ا جياڭ چيەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان غەربتىكى ئەللەرنىڭ
ھەممىسىدە ئېسىل ئاتلار بېقىلاتتى. ئەمما ھەممىدىن ئې-
سىلى پەرغانە ئاتلىرى ھېسابلانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
بىلەن غەربتىكى ئەللەر ئارىسىدىكى ئات سودىسى جياڭ
چيەننىڭ غەربىي رايونلارغا ئەلچى بولۇپ كەلگىنىدىن
كېيىن باشلانغان. ئۇنداقتا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن
بۇرۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر ئات ئىشلەتمىگەنمۇ؟ ئۇلار
ئات ئىشلەتكەن، ئەمما ئۇلار ئىشلەتكەن ئاتلارنىڭ سانى
ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئاز ساندىكى
ئاتلارمۇ بۈگۈنكى موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن
ئاتلار ئىدى. بۇ ئاتلارنىڭ جۈغى كىچىك، پۇتلىرى
قىسقا، بېشى تۆۋەن بولۇپ، ئۇچقۇر ئەمەس. سۈرئىتى
ئاستا بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئاسان چارچايدۇ. مۇشۇ ناچار
ئاتلارمۇ ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەتىۋارلىق
ھېسابلىناتتى. جياڭ چيەن پەرغانىدە كۆرگەن «دۇل-
دۇل»لار سۈپەت ۋە سۈرئەت جەھەتتە ئۇ ئاتلاردىن تو-
لىمۇ زور پەرق قىلاتتى⑫. ئەمما غەربتىكى ئەللەر مۇ-
شۇنداق ئېسىل نەسىللىك ئاتلارنى خەن خانىغا سېتىپ
بەرمىگەچكە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەربىي كۈچى، سودا-
سېتىق ئىشلىرى ۋە ئالاقە ئىشلىرى بىر ئىزدا تۇرۇپلا قال-
غانىدى. نەھايەت خەن خانى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104-

يىلى ئىككى قېتىم لى گۇاڭلى قوماندانلىقىدا غەربكە زور
قوشۇن چىقارغان بولسىمۇ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئا-
خىرلىشىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى مەغلۇپ
سەركەردە لى گۇاڭلى ئاران 14 ئات ئېلىپ قايتىپ كېلە-
لىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەن خانى غەربىي ئەللەرگە نىسبە-
تەن سودىنى ئاساس قىلغان، «ئىناقلىق» سىياسىتىنى قول-
لىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى
93 - يىللارغا كەلگەندە غەرب ئەللىرى بىلەن، بولۇپمۇ
پەرغانە بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئات سودىسى يولى
رەسمىي ئېچىلىدۇ. شۇ چاغلاردا پەرغانە «دۇلدۇل»لىرى-
نىڭ باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. خەن خانى بۇ ئاتلار-
نى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ھال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
كە خېلى ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كەلدى. چۈنكى
شۇ چاغلاردا ئېسىل نەسىللىك ئاتلارنىڭ بىرى 150 مىڭ
تەڭگە ياكى 200 توپ يىپەك رەختكە ئالماشتۇرۇلاتتى⑬.
بۇ ئادەتتى بەدەل ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ خەن
خانى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.
شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان
يىپەك رەختلەر زور مىقداردا غەرب ئەللىرىگە توشۇلدى.
مۇشۇ ئەھمىيەتلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن-
كى، بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ نېگىزىدە ئات ياتىدۇ. يىپەك
يولىنىڭ روياپقا چىقىشى ۋە قەدىمكى سودا كارۋان يولل-
رىنىڭ جانلىنىشى ئاتنىڭ رولى بىلەن زىچ باغلانغان. ئە-
مەلىيەتتە ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرى، تەڭرىتاغ تىزمىسىدى-
كى يايلاقلار ۋە قۇرۇم تاغلىرىدىكى پايانسىز يايلاقلار-
نىڭ ھەممىسىدە ئېسىل نەسىللىك ئاتلار بېقىلاتتى. شىما-
لىي ئالتاي بازىرىق قەبرىسىدىن تېپىلغان ئاتلىق دىڭلىڭ
ئادىمى كۆرۈنۈشى، بىرونزا دەۋرىگە ئائىت ئۈزەڭگىلەر،
شىمال ۋە جەنۇبتىكى قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى ئات
مىنگەن رەسىملەر، بولۇپمۇ ئالتاي تاغلىرىدىكى قىياتاش
سىزمىلىرى⑭ بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئىلى رايونىدى-
مۇ مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى تۆمۈر ۋە مىس
ئات جابدۇقلىرى، بولۇپمۇ ئۈزەڭگە كۆپ تېپىلدى⑮.
ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇز كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن
1970 - يىلى 2 - ئايدا مىلادىدىن 3 -، 4 - ئەسىر ئىلگىرىكى
قەبرىلەر تېپىلدى. بۇ قەبرىلەر بىزنى خېلى كۆپ مەدەنىي
بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىدى. شۇ مەدەنىي بۇيۇملار ئىچىدە
ئۈزەڭگە، يۈگەن ۋە باشقا ئاتنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بار⑯.
بارىكۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن ئالتە كىلو-
مېتىر يىراقلىقتا بۇنىڭدىن 3280 - يىللار ئىلگىرىكى قەبرى-
لەر تېپىلدى. بۇ قەبرىلەردە ئادەم بىلەن بىللە دەپنە قى-
لىنغان ئات ئىسكىلىتلىرى تېپىلدى. تۇرپاندىكى ئايدىڭ-
كۆل قەدىمكى قەبرىلىرى، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە
توخسۇن ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەب-
رىلەردىن بىر مۇنچە مەدەنىي بۇيۇملار بىلەن بىللە بىرون-
زىدىن ياسالغان جۈپ ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بېزەك-
لەر، بەلباغ - كەمەرلەر چىقتى. مۇشۇ جايدىن تېپىلغان بى-
رونزا ئۈزەڭگىلەر كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. 1980 -
يىلىنىڭ بېشىدا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ جە-
نۇبىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى يېنىغا جايلاشقان قەدىم-
كى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى. بۇ قەبرىلەردە ئادەم
ئۆچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ئاتلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى بايقال-
دى. 1985 - يىلى 9 - ئايدا چەرچەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي
جەنۇبىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا زاغۇنلۇق قەبرىستان-
لىقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈلدى.. بۇ يەردىن
نۇرغۇن ئات تېرىسى، ئات جابدۇقلىرى، ئۆتۈك ۋە باشقا
مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى⑰. قەدىمكى تۈركىي
تىللىق خەلقلەردە ئات ئىنساننىڭ ئايرىلماس دوستى، بو-
لۇپمۇ كۆك تەڭرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋان
ئىدى. بۇنىڭدىن بىز ئات بىلەن كۆك تەڭرى ئارىسىدا
شۈبھىسىزكى ئاجايىپ بىر مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلەلەي-
مىز. ئاتنىڭ كەلگەنلىكى ياكى كۆككە ئوخشىشىدەك قا-
راشلار ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىمۇ بوز قىر-
لاردا ئومۇملاشقان بىر ئېتىقادىدىن كەلگەن بولسا
كېرەك. بۇ ئېتىقادنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە
بولۇشى نورمال ئەھۋالدۇر. 12 ھايۋانلىق تەقۋىمدە
تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇنت (ئات)نى 7 - تەقۋىم قىلىپ
بېكىتكەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئات - ۋاقىتنىڭ سىمۋولى-
دۇر. تۇرپان مەتنىلىرىدە ئات رەسىملىرى بەزىدە كۆك
رەڭدە يەنى ئاسمان رەڭگىدە بويالغان. مەھمۇد كاشغە-
رىينىڭ دىۋانىدىمۇ ئۇچار ئاتقا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى
ئۇچرىتالايمىز...⑱. دېمەك، مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر
ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قەبرىلەرگە دەپنە قى-
لىنغان ئاتلار بىزگە ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ
ئاتنىڭ ئۇلار تېۋىنغان تەڭرىلەر بىلەن زىچ باغلانغان ئا-
جايىپ خاسىيەتلىك بىر ھايۋان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ

uyghurkitap.com



بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاتنىڭ تارىخىمىزدا ماددىي ھاياتىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ھاياتىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم رولىلارنى ئوينىغانلىقىنى ھەم روشەن كۆرەلەيمىز.

ھۇن، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قىلغان ئات سودىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ھەر يىلى مىڭلاپ-مىڭلاپ ئېكسپورت قىلىدىغان مەخسۇس ئات يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللىمەكتە. دىۋىنچى ئوغلۇ ئانتروپولوگلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە (بوزقىرلاردا) بىر ئائىلىنىڭ نورمال تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئاز دېگەندە يەتتە بىينىڭ بىقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەلۇماتىغا ئاساسەن ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقتى. كۆكتۈركلەرنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 700 مىڭ بايتالنى باقىدىغانلىقىنى، كۆپ بولغاندا 320 مىڭدىن ئوشۇق بايتال ئۆيۈرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ سان ئايغىرلار ئۆيۈردنى ۋە بايلارنىڭ، خاقانلارنىڭ ئۆيۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ⑲.

كۆكتۈركلەردە «يىلقى» ئات پادىسى ئۇقۇمىنى بىلدۈرەتتى. «يىلىسىغ»مۇ ئەينى كۆكتىن كەلگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى باي ۋە روناق تاپقان دېمەكتۇر. ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا تايلارنىڭ «يىلقى»غا ئۇلاشتۇرۇلۇشىنى «يىلىسىغ» (بايلىق) دەپ چۈشىنىش ئەمەلىيەتتە ئات يېتىشتۈرۈش بىلەن بەرىكەت ۋە بايلىق ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى نامايان قىلىدۇ⑳. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، كۆكتۈركلەردە ئاتنىڭ بەرىكەت ۋە بايلىق مەنىسىدە چۈشىنىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئاتنىڭ رولىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۇرپان بىزەكلىكتىن تېپىلغان مانى دىنى مەزمۇنىدىكى مىلادى 7-ئەسىرگە تەۋە دەپ قارالغان «ئەزگۈ تاتىغ نوم»دا: «تۇلپار نەسىللىك ئېتىڭىز، مۇستەھكەم ئەقىل پاراستىڭىز، قەيسەر قوشۇنىڭىز ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك باتۇرلىرىڭىز [بىلەن قانائەتلەنمەي] بۇ تۆت سۆزنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمىسىڭىزلا، ئاندىن زور ئازابتىن، مۆڭدىن قۇتۇلالايسىز...㉑ دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ بايان مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئاتنى مۇڭ-ئازابتىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭ قىممەتلىك پاسبان سۈپىتىدە بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادى 10-ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچۇ ئۇيغۇر ئۇلۇغ ئېلىگە قىلغان ساياھىتىدىمۇ تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، 760-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ پات-پات ئات سېتىپ، مۇۋاپىق باھا بىلەن يىپەك ئېلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پايتەختىگە ئۆمەكلەرنى ئەۋەتكەن. ئومۇمەن ھەريىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە كېلىپ بىر ئات ئۈچۈن 40 توپ يىپەك ئېلىپ سودا قىلغان. بۇ ئۆمەكلەر ھەر كەلگەندە 10 مىڭ ئەتراپىدا ئات ساتتى دەپ چۈشىنىلسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئالغان يىپەكلىرىنىڭ سانى (400 مىڭ توپ ) مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى بەزىدە بۇ سودىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقىنى كۆرگەن ۋە تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن چارە ئىزدەشكە باشلىغان. تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا بۇنچىلىك كۆپ يىپەك بېرىش ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن باج ئېلىش مەجبۇرىيىتىگە دۇچار بولغان. بۇ جەرياندا 760-يىلى ئۇيغۇرلاردىن تەكرار 10 مىڭ ئات كەلگەندە، پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەر يىلى پەقەت 6000 ئات ئالالايدىغانلىقىنى ۋە مۇشۇنىڭ ھەققىگىلا يىپەك بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن㉒. 821-يىلى خاسار تېگىن تەختكە چىققان زاماندا 2000 قەبىلە ئاقساقىلى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا 20 مىڭ ئات ۋە 1000 تۆگە ئېلىپ بارغان. بۇ ئۆمەك مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ئۆمەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ كۆپ كىشى قاتناشقان ئۆمەك بولۇپ، تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 822-يىلى 2-ئايدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇيغۇرلارغا بىر مەلىكە ياتلىق قىلغان ۋە ئاتلىرىنىڭ بەدىلىگە 50 مىڭ توپ يىپەك بەرگەن. ئەينى يىلىنىڭ 3-ئېيىدا پادىشاھ ئاتلارنىڭ ھەققى ئۈچۈن 70 مىڭ توپ يىپەكنى قايتا يوللىغان. 827-يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ساراي خىزمەتچىلىرىدىن بىر ئاغۋاتنى ئەلچى سۈپىتىدە 200 مىڭ توپ يىپەك بىلەن يولغا سالغان ۋە بۇلارنىمۇ ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ بەدىلىگە بەرگەن. 829-يىلى 2-ئايدا يەنە ئاغۋاتلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئۆمەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاتلارنىڭ بەدىلى ئۈچۈن 230 مىڭ توپ يىپەك

بەرگەن㉓.... ئېنىقكى بۇ دەۋرلەر يىپەك يولىنىڭ تازا
جانلانغان ۋاقىتلىرىدۇر. بۇ پاكىتلاردىن يەنە شۇنى كۆرۈۋ
ۋېلىشقا بولىدۇكى، ئات قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش
ۋە ھەربىي ئىشلىرى ئۈچۈنلا مۇھىم رول ئويناپ قالماي،
ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى سودا ـ سېتىق، ئىمپورت ـ
ئېكسپورت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە مۇھىم روللارنى
ئوينىغانىدى. يۇقىرىقى بايانلار يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا
ئات ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەركىزد ـ
ىنى تەشكىلى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «تۈرك
خاقانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سەھىپىلىرىدە كىشىنى ھەمم ـ
ىدىن بەكرەك مەمنۇن قىلىدىغان ۋە سۈرۈكلىرىنى بەلگ ـ
ىلەيدىغان چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئاجا ـ
يىپ ئاتلار بىلەن ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىدىن رويابقا
چىققاندۇر. شۇڭا «ئات تۈركنىڭ قانىتى بولغان. ئوتتۇرا
ئاسىيا تۈركىي تىللىرىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرچىدا جەڭگە بې ـ
رىشنى ‹ئاتلان، ئاتلانماق› دېگەن سۆز بىلەن
ئىپادىلەيدۇ㉔. تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوت ـ
تۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان ـ
ىدى. مۇشۇ تەسىرىدىمۇ ئاتنىڭ رولى ھەممىدىن ئۈستۈن
تۇراتتى. تاڭ شائىرى بەيجۈيىنىڭ «چوغاي يوللىرى»
ناملىق شېئىرىدا:

چوغاي يولى، چوغاي يولى، بۇ ئۇزۇن يوللار،
قارا دۆڭنىڭ سۈيى ئەلۋەك، بۇلاق قاينايدۇ.
ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر قېتىم،
بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالمايدۇ.

دەپ يېزىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئات سودىسىدىكى كۆلىمىنى
ئىپادىلىسە، تاڭ شائىرى يۈەن چىڭ «نەمۇنىلىك نەغم ـ
ىلەر» دېگەن شېئىرىدا:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمۇرغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى ياڭراتتى بىر سازنى ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ ـ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان...㉕.

دەپ يېزىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەن
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھالقىسىدا ئۇيغۇر
ئات مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ.
دېمەك بۇ يەردىمۇ ئاتنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلى ـ
كىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئات تىلغا ئېلىنسا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىنسانىيەت
مەدەنىيەت تارىخىدىكى رولى ھەققىدە ئويلايمىز. ئات
ئىنسانىيەتنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلەپ ـ
چىقىرىش مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە روللارنى ئوينىغاندىن
سىرت يەنە ھەربىي ئىشلار، قاتناش سودا ئىشلىرىدىمۇ
زور روللارنى ئوينىدى. بۇ روللار تەبىئىي ھالدا ئىنسان ـ
يەتنىڭ چەۋەنداز (مىنىچىلىك)لىق مەدەنىيىتى ۋە قانغا
(ھارۋا)دىن پايدىلىنىش مەدەنىيىتىگە باغلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئا ـ
سىيانىڭ، جۈملىدىن غۇزلارنىڭ قاتناش ئىشلىرى توغرد ـ
ىسىدا گەپ بولۇنسا جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدە ئالدى
بىلەن چەۋەندازلىق تىلغا ئېلىنىدۇ. لۈيفېي ئەپەندى غۇز ـ
لارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ تاكى سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى
دەۋرلىرىگىچىلا بۇ خانلىقلارنىڭ ئوردىلىرىدا ئېيتىلىپ
كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىپ سۇڭ گوماۋچىڭنىڭ «نەزم ـ
ىلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى نەقلىنى ستات كەلتۈرىدۇ. بۇ
ستاتتىن بىلىنىشچە، خەنزۇچە مەنبەلەردە غۇزلارنىڭ
خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇنداق بىر كۇپلېتى ساقلىنىپ
قالغان:

بوز قىردا دۇلدۇلسىز ئەزىمەت بولماس،
دۇلدۇل ھەم باتۇردىن زادى ئايرىلماس.
تۇياقلار چاڭ بىلەن كۆمسە ياغىنى،
چەۋەنداز ئاتالغاي پاسبان ـ قاياش.

ئېنىقكى، بۇ ناخشىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ چەۋەنداز ـ
لىق مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكى،
شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ «قوش قانىتى، ئەر ئېتى بىلەن»
دېگەن ماقالىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بو ـ
لىدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە چەۋەندازلىق مىلادد ـ
ىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا
(كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا)دا ياشىغۇچى كۆچمەن
چارۋىچى خەلقلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. چە ـ
ۋەندازلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئارىيان ساكلىرى
تەرىپىدىن يارىتىلغان. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە مىلا ـ
دىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆچمەن
چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرد ـ
ىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمىي قەبىلىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆ ـ
چۈشلىرى چەۋەندازلىق مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشىنى رويابقا
چىقارغان. ئەڭ بۇرۇن چەۋەندازلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com



ئاسىيادا ئومۇملاشقان، نىھايەت چەۋەندازلىقنىڭ تەقەززاسى بولمىش يۈگەن، ئېگەر، تىزگىن، كاپ (گەم)، ئۈزەڭگە، تاقا، بەلباغ، ئۆتۈك قاتارلىق ئاجايىپ ئىختىرالارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان. جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسەن يەكۈنلىشىچە قەدىمكى شىمالدا ياشىغۇچى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر چەۋەندازلىق ماھارىتىنى ناھايىتى بۇرۇنلا بەك پۇختا ئىگىلىگەن. تيەن گۇاڭجىن ۋە گوسۇ تۈزگەن «ئوردۇسچە كونا مىس قوراللار» دېگەن ئەسەردە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: ئى. د. فىلىپسىنىڭ قارىشىچە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئاتلىقلار تارىخى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن كېيىندۇر. ئەمما ئوردۇستىن بايقالغان چەۋەنداز ئوبرازىنى تەھلىل قىلغاندا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا چەۋەندازلىق ئاز دېگەندىمۇ چۇنچيۇ دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كېلىپ بولغاندۇر. بۇ جايدىكى چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە قەبرىلەردىن كاپ ۋە ئېغىزدۇرۇقلار تېپىلدى. بۇ مەدەنىي بۇيۇملارنىڭ تارىخى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 6-ئەسىرلەردىنمۇ بۇرۇندۇر. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئې. د. فېلىپسىنىڭ ھۆكۈمى پۈتۈنلەي خاتادۇر[26].

چەۋەندازلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۈچ بۈيۈك گۈللىنىشنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ زور رول ئوينىغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى 1-، 2-گۈللىنىشنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت دەۋرىمىزگە ئەڭ يېقىن 3-گۈللىنىش، يەنى غەرب مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىلا تىلغا ئالايلى: 1500-يىللاردىن 1600-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىتالىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە چەۋەندازلىق بىر بىلىم، ھەتتا بىر سەنئەت پېنى بولۇپ ئالاھىدە زور ئۇنۇمگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ شۇ دەرىجىدە بىر پەن بولغان ئىدىكى، چەۋەندازلىق ۋە چەۋەندازلىق ئىلمى بويىچە تەربىيەلىنىش خۇددى رەسساملىق، مۇزىكا، ئەدەبىياتقا ئوخشاش گۈزەل سەنئەتلەر بويىچە تەربىيەلىنىشكە ئوخشاش قارىلاتتى. كېنەز ۋە ئاقسۆڭەكلەرمۇ مۇبادا چەۋەندازلىقتىن مۇكەممەل خەۋەردار بولمىسا ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمان تۇغۇلاتتى[27]. شۇ چاغلاردا ئاشۇ غەرب ئەللىرىدە مەخسۇس چەۋەندازلىق ھەققىدە دەرسلىك كىتابلار ھەم تۈزۈلگەنىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا 3-گۈللىنىش دەۋرى ئاتنىڭ رولىنى ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويغان. چەۋەندازلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە ھەسسە قوشقان ئەجدادلىرىمىزمۇ ئەۋلاد تەربىيەلەشتە تارىختا چەۋەندازلىققا مۇناسىۋەتلىك بەزى تەلەپ ۋە شەرتلەرنى قويغان بولۇشى تەبىئىي. ئەمما بىزگىچە بۇ ھەقتە بىرەر مەخسۇس پۈتۈلۈپ قالدۇرۇلغان يازما ھۆججەت يېتىپ كەلمىدى. شەرق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى يۈسۈف خاس ھاجىب مۇنداق دەيدۇ:

2057 تۇتۇشقا ئەلنى لەشكەر، ئات، ئەر كېرەك،
ئەر، ئات تۇتقىلى تولا ماللار كېرەك.
2058 بۇ مال يىغقىلى بىر باي بودۇن كېرەك،
بېيىسۇن دېسەڭ ئەل، تۈز قانۇن كېرەك[28].

ئېنىقكى، دۆلەتنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر، ئات ۋە باتۇر كېرەك، قوشۇن، ئات ۋە قەھرىمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مال يەنى ئىقتىساد لازىم، بۇ ئىقتىسادنى يىغىدىغىنى تۇرمۇشى پاراۋان خەلقتۇر. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن مۇكەممەل قانۇن كېرەكتۇر. ئوتتۇرا ئەسىردە بىر مۇكەممەل ئەلنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاتنىڭمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى تەكىتلىنىۋاتىدۇ.

مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدا ئەڭ زور تەسىرگە ئىگە كەشپىياتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئاتتىن مەنپەئەتلىنىشنى بىلىشى ۋە ئۇنى جاھانغا تارقىتىشىدۇر.

چەۋەندازلىق ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تارىخنى ياراتتى... قەدىمكى مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيانىڭ ئاتچىلىقى، چەۋەندازلىقى، ئات جابدۇقلىرى ۋە قانغا (ھارۋا)لىرى ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئىشلىگەن ياۋروپا ئالىملىرىدىن لىتائۇر (Littauer) بىلەن كرووېل (Crouwel) 1970-يىللاردىكى تەتقىقاتلىرىدىن مۇنداق ئىلمىي خۇلاسىلەرنى يەكۈنلىشىدۇ. ئاتنىڭ ئۆيلەشتۈرۈلۈشى (قولغا كۆندۈرۈلۈشى) مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا بوز قىرلىرىدا روياپقا چىقتى. كۆندۈرۈلگەن ئاتنىڭ پۈتۈن ياۋرو-ئاسىياغا كەڭ تارقىلىشى چەۋەندازلىق شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئات ھارۋىسى شەكلى بىلەن ئاتقۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن[29].

بۇ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى ئات
هارۋىسى چەۋەندازلىقتىن كېيىن بارلىققا كەلگەندۇر. شۇڭا
ياپونىيە ئالىمى فۇجىگاۋا شىگېخىكو بۇ قاراشنىڭ خاتالىق-
نى تەنقىد قىلىدۇ[30]. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا،
ئات هارۋىسى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000- يىللاردا يەنى
بۇگۈندىن 4000- يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا
كەلگەن. غەرب ۋە شەرق ئارخېئولوگلىرىنىڭ يەكۈنىچە
ئات هارۋىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000- 800- يىللار
ئارىلىقىدا (بىرونزا دەۋرىدە) ئومۇملىشىشقا باشلىغان.
خەنزۇ مەنبەلىرىدە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 16- ئەسىردىن مى-
لادىيىدىن ئاۋۋالقى 11- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتە ئات هارۋىسىنىڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغانلىقى
قەيت قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە هارۋىنىڭ ئىشلىتىلىش-
كە باشلىغان ۋاقتىنى كونكرېت ئېيتقاندا، شاڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ[31]. جۇڭگو ئار-
خېئولوگلىرىمۇ هازىر مۇشۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇشىدۇ. جۇڭگودا ئىشلىتىلگەن ئات هارۋىسىغا مۇ-
ناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى ئەنياڭنىڭ يىنشۇ خارا-
بىلىكىگە مەنسۇپتۇر. بۇ دەل شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلى-
رىغا تەۋەدۇر. ئەمما شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەزكۇر خا-
رابىلىكتىن تېپىلغان ئات هارۋىسىنىڭ ئىزلىرى ئۇلارنىڭ
پەقەت ئۇرۇش (جەڭ) هارۋىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ[32]. خەنزۇ يېزىقىدىكى 車 خېتى ئەمەلىيەتتە بىر
شوتىلىق قانغا (هارۋا)نىڭ شەكلىگە ئاساسەن شەكلەن
يېزىق ئۇسلۇبى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندۇر. مەزكۇر
خىروگلىف «كېيىنكى خەننامە» (后汉书,明德马皇后纪) دە
ئەڭ بۇرۇن ئۇچرايدۇ [33]. دېمەك بۇ خەت خەنزۇچىدا
كېيىنكى خەن يەنى شەرقىي خەن (东汉) دەۋرىدە پەيدا
بولغان. مەزكۇر خەت پەيدا بولغان دەۋرلەردە ئۇنىڭ تە-
لەپپۇزى kiag ئىدى.

كېيىنكى تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى مۇنداق بولغانىدى:
.[34] kiag → tfia → tfie → tsa (che)

دېمەك، بۇ سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەلەپپۇزى
«قىئاغ» بولغىنىدىن قارىغاندا مەزكۇر ئاتالما قەدىمكى
تۈركچىدىكى «قانغا» سۆزىدىن خەنزۇچىغا كىرگەنلىكى
شۈبھىسىزدۇر. شۇنداق بولغاندا، خەنزۇلار 車 خېتىنىمۇ
قەدىمكى تۈركلەرنىڭ هارۋىلىرىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن
سىزىپ چىققان دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

خۇددى ئاتقا ئوخشاشلا ئات هارۋىسىمۇ ئوتتۇرا ئا-
سىيا خەلقلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ بارغان.

چاقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تا-
رىخىدىكى غايەت زور بۇرۇلۇش دەۋرى بولدى. چۈنكى
قانغا (هارۋا)نىڭ كەشىپ قىلىنىشى مۇقىم ئولتۇراق ئاھالى-
لەر ئارىسىدا يولنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى مەھەللە،
ئايماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تېزلەتتى.
مەشھۇر تارىخىي ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە»دە بارماقلىق
يوسۇن بىللىگ دېگەن ئادەمنىڭ تۇنجى بولۇپ «قانغا»-
نى ياساپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە مەزكۇر
ئادەم ئىجاد قىلغان بۇ هارۋىلار يول يۈرگەندە «قانغا-
قانغا» دېگەن ئاۋاز چىققانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا قانغا دەپ ئىسىم قويغانلىقى بايان
قىلىنغان. «ئوغۇزنامە»نىڭ «شەجەرەئى تۈرك»تىكى
كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدا «قانغا» ئاتالغۇسىنىڭ
ئورنىغا «ئارابا» ئاتالغۇسى ئالمىشىدۇ. «ئارابا» (بىز
هازىر ئەدەبىي تىلدا «هارۋا» دەيمىز. ئەمما بەزى شىۋى-
لەردە ئۇنىڭ «ئارابا»، «ئاراۋا» شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت)
ئەسلىي پارسچە ئاتالما بولۇپ پارسلار ئۇنى «ئارابە»
(arrabe) دەيدۇ، «هارۋىكەش»نى «ئارابەران»
(arraberan) دەيدۇ[35]، دېمەك «هارۋا» دېگەن ئاتالغۇ
بىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كىرگەن. ھەتتا
«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىمۇ مەزكۇر نام
«قاڭلى» (شۇ ئەسەر، 51- بەت) دەپ ئاتالغان. ئامېرىكى-
دا نەشر قىلىنىۋاتقان نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال «بايقاش»
(«Discover») نىڭ 1994- يىللىق 4- سانىدا مەدەنىيەت-
شۇناس ئىۋان خادىنخامنىڭ رايونىمىز مەدەنىيىتىگە دائىر
«شىنجاڭدىكى قۇرۇق جەسەتلەر» ناملىق ماقالىسى ئېلان
قىلىندى. ئۇ ئۆز ماقالىسىدە «قانغا»نىڭ رايونىمىزدا ئىجا-
تىرا قىلىنىپ، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتتى. «قانغا»نىڭ ئىختىراسى ئاتلىقلار مەدە-
نىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تۇرپان
ئويمانلىقى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۇرپان ئۇدۇلى بۆلەكلىرى-
دىن نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار تېپىلدى.
بولۇپمۇ تۇرپان، ئالغۇي، پىچاننىڭ تۇيۇق، سۇ بېشى،
سىركىپ قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملار «قانغا»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





نامى بىلەن ئاتالغانلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىمىز ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرمەكتە㊱.

ناھايىتى ئېنىقكى «قانغا» دېگەن ئېتنىك ئاتالغۇ قاغانى كەشىپ قىلغان خەلقنىڭ قەبىلە نامى بولغان. ھازىرمۇ تۇرپاندىكى تۇرپان مۇنارىسى ئەتراپىنى «قانغا بازار»، «قانغا مەھەللە» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەل قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قانغا» قەبىلىسىنىڭ ئېتنىك نامىدىن قالغان يەر ناملىرىدۇر. ھازىرقى بۇ يەر ناملىرىدا پەقەت سەلپەللا فونېتىك ئۆزگىرىش بولغان.

بىز دىققىتىمىزنى قەدىمكى قىيا تاش سىزمىلىرىغا يۆتكەيدىغان بولساق «قانغا»نىڭ ئىختىرا قىلىنىشىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى ۋە بۇ شەكىللەرنىڭ تولۇق كارتىنىسىنى روشەن كۆرەلەيمىز. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئارا تۇرۇك ناھىيەسى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي ناھىيەسى، چاغانتوقاي ناھىيەسى، دۆربىلجىن ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردىكى قىياتاش سىزمىلىرىدا «قانغا»نىڭ ئىختىرا قىلىنىش جەريانىنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن. ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈش لىنىيەسى بويىچە قارىغاندىمۇ بۇ ئورۇنلاردا «قانغا»نىڭ بارلىققا كېلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان سىزمىلارنىڭ بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى ئوغۇز خاقان ئالتۇن خاقانى يەڭگەندىن كېيىن «قانغا» ياسىلىدۇ. ئالتۇن خاقان ئالتۇن تاغنىڭ — «ئالتاي تېغىنىڭ» خاقانىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوغۇز خاقان ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدە بەرگەن قەبىلە نامى «قانغا»نىڭ نەق قەدىمكى تۇرپان ۋە شۇ يەردە ياشايدىغان خەلقنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «قانقىل»لار ئىكەنلىكىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

«قانغا»نىڭ ئىنتايىن سەنئەتلىك ۋە مۇكەممەل شەكىللىرىنىڭ تېپىلغان سىزمىلاردا ۋە مودېل ئەۋرىشكىلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەقلىي ئىختىراسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىدا يەنە بىر جۇلالىق ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادى 6-ئەسىرگە تەۋە بولغان، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ياغاچ كالا ھارۋىسى مودېلى ئۇنىڭ يەنە بىر يارقىن ئىپادىسىدۇر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىدا ئات مەدەنىيىتى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي تۈركلەر ھەتتا «ئەل» دېگەن سۆزنىمۇ «ئات» دېگەن مەنىگە ئىگە دەپ چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قەيت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: يىل(al) ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى «ئەل» دەپمۇ ئاتايدۇ. «ئات باقار»نى «ئەل باشى» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ «ۋىلايەت باشلىقى» دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن «ئات باقار» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ㊲.

يۇقىرىقى بىر قاتار ئەمەلىي پاكىت ۋە مۇلاھىزىلەرگە ئاساسەن ئاتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەرگە كېلىشىمىز مۇمكىن:

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئات مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى غايەت زوردۇر. ئات مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پەۋقۇلئاددە ھاياتىي قۇدرەت ئاتا قىلغان. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىپ چىقىشى ھەم سىستېمىلىشىشىدىمۇ ئات مەدەنىيىتى ئەڭ سالماقلىق ئورۇنغا سازاۋەر ئىدى. يىپەك يولىنىڭ بوستانلىق ۋە يايلاق بۆلگىلىرىدە ئۇزاق قەدىمىي تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ھالقىسىنى ئاتنىڭ ۋاستىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيەت گۈللىنىشىدە ئات مەدەنىيىتى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى توشۇغۇچى زاكالەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تېخىمۇ زور رول ئوينىدى.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993-يىل 2-سان، 59-، 63-بەتلەر.

② جامېس رۇسسېل خاملتون: «بۇددا دىنىدىكى ئىككى تېكىن ھېكايىسىنىڭ ئۇيغۇرچىسى» تۈرك تىللىرى تەتقىقاتچىلىرى توپلىمى Ⅱ، ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 1998-يىل، 33-بەت.

③ «يىپەك يولى — يىپەك ۋە ئالتۇن يولىدۇر» توكيو دۆلەتلىك مۇزېيى 2002-يىل ياپونچە نەشرى، 168-بەت.

④ سۇبىيخەي: «يىپەك يولى كۇسەن تەتقىقاتى» شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 003-بەت.

⑤ ئابلەت خوجايېف: «بۈيۈك يىپەك يولى» ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت 2007-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 95-، 96-، 97-بەتلەر.

⑥ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 489-بەت.

⑦ «غەربىي شىمال قاتناش تارىخى» لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىل 5-ئاي خەنزۇچە نەشرى 1-توم 368-بەت.

⑧ بەن گۇ: «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 447-،448-بەتلەر.

⑨ «غەربىي شىمال قاتناش تارىخى» لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىل 5-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 369-بەت.

⑩ بەن گۇ: «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 877-،878-بەتلەر.

⑪ كىلىمكېيت: (قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 5-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 19-بەت.

⑫ ئابلەت خوجايېف: «بۈيۈك يىپەك يولى» ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت 2007-يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 179-بەت.

⑬ يۇقىرىقى ئەسەر، 180-بەت.

⑭ گەي شەنلىن، گەي جىجى: «يىپەك يولى قىياتاش سىزمىلىرى تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىل 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 221 - ، 264-بەتلەر.

⑮ خې لىلى: «يىپەك يولى غۇلجا تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 024-، 025-بەتلەر.

⑯ ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 11-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 304-،305-بەتلەر.

⑰ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 4-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 15-، 21-، 22-، 24-، 51-بەتلەر.

⑱ جېئان پائۇل رۇخ: «قەدىمكى تۈرك مىتولوجىسى» بىلگەسۇ، ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 2011-يىل، 35-بەت.

⑲ كۇدرەت ئەمىر ئوغلۇ، ئاخمەت يۈكسەل: «يولدىشىمىز ئات» 2003-يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى، 88-بەت.

⑳ يۇقىرىقى ئەسەر، 89-بەت.

㉑ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلمىنياز: «پالنامە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 238-بەت.

㉒ ئۇزقان ئىزگى: «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە» مۇھەممەدرېھىم سايىت تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 5-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 64-،65-بەتلەر.

㉓ يۇقىرىقى ئەسەر، 66-بەت.

㉔ «تۈرك مەدەنىيىتى» ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1961-يىل تۈركچە نەشرى، 157-بەت.

㉕ لۇيفېي: «غۇزلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە سۈي-تاڭ مەدەنىيىتى» يازما يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1994-يىل 10-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 93-بەت.

㉖ يۇقىرىقى ئەسەر، 94-بەت.

㉗ ئەسەر تۇتەل: «ئات ۋە ئاتچىلىق» ئىلەتىشىم نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1998-يىل تۈركچە نەشرى، 89-بەت.

㉘ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 5-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 455-بەت.

㉙ فۇجىگاۋا شىگېخىكو: «مەركىزىي ياۋروپا-ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيەسى» شوسېشا نەشرىياتى، 1996-يىل 6-ئاي ياپونچە نەشرى، 27-بەت.

㉚ يۇقىرىقى ئەسەر، 28-بەت.

㉛ شاھىن: «تۈرك مەدەنىيىتىدە ئات ھارۋىسى» جەلال بايار ئۇنىۋېرسىتېتى پەن-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 2005-يىل تۈركچە نەشرى، 32-بەت.

㉜ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى بىرونزا دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2001-يىل خەنزۇچە نەشرى، 69-بەت.

㉝ «قىسقىچە قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى» سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 6-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 68-بەت.

㉞ «خەنزۇچە ياپونچە قەدىمكى خەتلەر لۇغىتى» بېكىنيۇ كىنكيۇشا نەشرىياتى، توكيو كىيودو ئوداكيۇ ئۇبې ئېكىداي، 1978-يىل 4-ئاي ياپونچە نەشرى، 1287-بەت.

㉟ «پارسچە خەنزۇچە لۇغەت» سودا نەشرىياتى، 1981-يىل بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى، 83-بەت.

㊱ «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىل خەنزۇچە نەشرى، 40-بەت.

㊲ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل 1-نەشرى، 1-توم 67-،68-بەتلەر.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قارا كۆز قەلەم قاش يارىم

قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ،
قۇرغۇي قوندى تېرەككە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
يارنى سۆيمەي كەتمەككە.

ئاتىڭنى سۇغارمامسەن،
لەڭزە ئالدىدا كۆلدە.
بىزنى يات ئېتەرسەنمۇ،
خوتەن يولىدا چۆلدە.

تاۋار ياغلىق ئەۋەتتىم،
يارغا سوۋغىتىم بولسۇن.
مەن خوتەندىن كەلگۈچە،
يار تۇتماي ساقلاپ تۇرسۇن.

باشلاپ بارغىن ئۆيۈڭگە،
كۆرۈۋالاي خۇمالىق.
كېتەر ۋاقتىم ئاز قالدى،
سۆيۈۋالاي خۇدالىق.

تاغقا تەۋرەيسەن خېنىم،
تاغامغا تاپشۇردۇم سېنى.
مەن خوتەندىن كەلگۈچە،
خۇداغا تاپشۇردۇم سېنى.

تاغقا چىقتىم كۈز كۈنى،
كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى.
ساق سالامەت بولساقلا،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

ئەتىيازدا قار ياغدى،
ئېرىقلاردا مۇز تۇتماي.
يارىم بىلەن ئايرىلدۇق،
قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتماي.

نانىنى تۇگدۇم پوتىغا،
چاينى سالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مېنى سېلىپ ئوتىغا.

ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدۇق،
داخىيەندىن قايرىلدۇق.
مەڭزى قىزىل ئاناردەك،
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق.

يارىم كەتتى ئۇزاققا،
مېنى ئالسۇن دوزاخقا.
مېنى سېلىپ دوزاختىن،
قايتىپ كېلىپ بۇياققا.

كۆڭلۈم بەكمۇ بى ئارام،
سېنى مەن ئويلاپ ھامان.
ئايرىلىشنىڭ دەردىدە،
چىرايىم بولدى سامان.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
بىلىڭ تالدىمۇ يارىم.
ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭ،
گېپىڭ قالدىمۇ يارىم.

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق،
خەلقئالەم نېمە دەر.

قاشىڭنىڭ قاراسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يانىدا يۇلتۇز.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
ئەمدى قالدىم مەن يالغۇز.

قوي باقتۇق مازار تاغدا،
سۇ ئىچتى يانار چاغدا.
يارىم كەتمەك بولۇپتۇ،
قالدۇرۇپ مېنى داغدا.

بىر سايرىسا بولمامدۇ،
كاككۇك قونۇپ تالىمغا.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يار يەتمەيدۇ هالىمغا.

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
كەتسەم ئىچىڭ ئاغرىمدۇ؟
بىزنى يامان دېگىلى،
يۈرەك باغرىڭ چىدامدۇ؟

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
سېپىل تۇۋىگە خەندەك.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
هېچكىم بولمىسۇن مەندەك.

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەن بىلەن،
يارنى تاپمىسام بولماس.

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان يارىم.
باغرىمغا تاشنى قويۇپ،
بىزنى ئۇنۇتقان يارىم.

باغدا زەينەپ سايرايدۇ،
كاككۇكنى تاپالماي.
غېرىب باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يارىنى تاپالماي.

باغىڭدىكى گۈلۈڭنى،
شامال قايرىۋەتتىمۇ.
بىز ئىككەيلەن ئامراقتۇق،
دۈشمەن ئايرىۋەتتىمۇ.

يارنىڭ بېغىدا بىر گۈل،
شاختىن قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

قىلۇىدىن شامال چىقىپ،
قىزىلگۈلنى قايرىدى.
ئارىغا دۈشمەن كىرىپ،
ئەزىز ياردىن ئايرىدى.

كوئېنلۇننىڭ قارلىرى،
دەريا بويى باغلىرى.
ساقايمايدۇ يارىمنىڭ،
يۈرەكتىكى داغلىرى.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يا كەتكەنىمدۇ باشتىن.
خۇشمىغىنا ئايرىلدىم،
قارا كۆز قەلەم قاشتىن.

ئىككى تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يالار.

قاپىقىم تولا تارتتى،
ئىم بالا بولدى بۈگۈن.
قاشى قارا، مەڭزى قىزىل،
ياردىن ئايرىلدىم بۈگۈن.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئۆل خۇدانىڭ قۇدرىتى،
بىزنى ياردىن ئايرىدى.

ياردىن مەن جۇدا بولدۇم،
تارىسىز دۇتار بولدۇم.
ئەقلسىز نادانلىقتا،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ئايدىڭ بولسا كۈندۈزدەك،
يارنىڭ جامالى كۈندەك.
ئەجەبمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
بوراندا توزىغان گۈلدەك.

كەڭ تۈزدىكى قوغۇننى،
ئۆزۈم باقمەن يارىم.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتمەن يارىم.

ئورما ئورىدۇق ئايدىڭدا،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
قالۇق ئۆستەڭ بويىدا.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتتى يۇلتۇزدەك.
خۇشمىغىنە ئايرىلدۇق،
شامالدا توزىغان گۈلدەك.

تاۋار باللا، تاۋار باللا.
تاۋاردىن ئەتىۋار باللا.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
يۈرەكتە دەردى بار باللا.

كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى،
دەرەخ ئېگىلدى پەس بولدى.
سىز يارىم كەتكەن بىلەن،
مەن غېرىبقا تەس بولدى.

گۈلمىدىڭ ئاچىلغىلى،
بۇلبۇلمىدىڭ سايرىغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

(كېرىيە خەلق قوشاقلىرى توپلىمىدىن ئېلىندى)



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ گېرمانىيەدە 1975-يىلىدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

**پېتېر زيېمې** (گېرمانىيە)
(گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى بويىچە نوپۇزلۇق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم)
تەرجىمان: **ئىمىن تاجى تۇرگۇن**

ئاننا مارىيا فون گاباين خانىم يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقتا ئومۇمىي مۇقەددىمە» ناملىق كىتابىدا شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇيۇملار ساقلانغان ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەقسەتنىڭ ھەرقايسى ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېلىپ كېلىپ قالايمىقان ھالەتتە تاشلىنىپ قالغان بۇ بۇيۇملارنى رەتلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇلارنى رەتلەش ئارقىلىق نەشر قىلىنغان نەشرىي بۇيۇملار كىشىلەرنى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايتتى. يېقىندا بىز تەشكىللىگەن پائول پېللىئوت تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەشتەك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئېلىپ بېرىشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تۆۋەندە بىزنىڭ توختالماقچى بولغىنىمىز ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئىزاھات ۋە مەلۇماتلار بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەر ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، تېخى تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنىشتەك پۇرسەتكە ئېرىشەلمىدى. رەشىت رەھمەتى ئارات (Arat. R.R) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ سانىنىڭ 400 ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. بۇ سان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى ۋەسىقىلەر سانىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئەمەس. ئەمما مۇڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى (قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى دېمەكچى — تەرجىماندىن ئىزاھات) ئىقتىساد تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. بۇ ۋەسىقىلەر ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ تۇرۇپ 1966-يىلى يېزىلغان ھەمدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە توختالغان ئاشۇ كىتابنىڭ ئاساسى (ماتېرىيال مەنبەسى) ئىدى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ھەقتە يېڭى ئەسەر نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن رادلوفنىڭ ئىلگىرى مۇشۇ ۋەسىقىلەر ئاساس قىلىنىپ نەشر قىلىنغان كىتابلىرىنى ناھايىتى ياخشى ھەم ئەتراپلىق كۆرۈپ بېقىش كېرەك. بۇ يەردە ئىككى ئىشنى ئالدىن تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك دەپ قارايمەن. بۇنىڭ بىرى ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى قايتا نەشر قىلىش كېرەك، يەنە بىرى ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنماي كەلگەن ۋەسىقىلەرنى يىغىپ نەشرگە تەييارلاشتۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى
تەتقىق قىلىنىش ھەققىدىكى ئەھۋاللار ۋە بۇ يېزىقنىڭ بىر
نەچچە خىل شەكلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى
بىرلەشتۈرمە تەتقىقاتنى ل. ۋ. كىلارك (Clark) «13-،
14-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى دىندىن خالىي ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي
بايان» ناملىق ئەسىرىدە مەخسۇس توختالغان. مانا مۇ-
شۇنداق مۇنەۋۋەر بىر كىتابنىڭ تا ھازىرغىچە نەشر قىلى-
نالماسلىقى ئادەمنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر
ئىشتۇر. بۇ يەردە مۇنداق مۇھىم بىر ئەسەرگە ئومۇمىيۈز-
لۈك باھا بېرىپ بولۇشقا ئامالسىزمىز، ئەمما بۇ كىتابنىڭ
ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ياكى ئۇتۇقلۇق بىر تەرىپىنىڭ قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى
بېكىتىپ چىقالىشىنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش-
تۇر. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇقتىئىنەزەرى بۇ ساھەدە ئەڭ
كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان، چۈنكى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يىل
دەۋرى پەقەت 12 مۆچەلنىڭ ئايلىنىش پىرىنسىپىغا ئاسا-
سەن بېكىتىلگەچكە، ئۇنىڭ ئېنىقلانغان يىل دەۋرىدە بىر
خىل مۇجمەللىك بار. يىل دەۋرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە-
لەرنى (بۇ بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قول يازمىسى، تىلى
ۋە بۇ ۋەسىقىلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەملەر بىلەن ئادەم-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت مەزمۇنلارنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئاپتور ئۆزى
تەكشۈرگەن 141 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
دىندىن خالىي ۋەسىقىلەر ئىچىدە 110 پارچە ۋەسىقىنىڭ
يىل دەۋرى 13-، 14-ئەسىرلەرگە، 22 پارچە ۋەسىقى-
نىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى ھەققىدە خۇلاسە
چىقارغان. ئەمما بۇ 22 پارچە ۋەسىقىنىڭ مىلادى 13-ئە-
سىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرەلەيدىغان ھېچقانداق بىر بەلگە يوقلۇقىغا دىققەت
قىلىپ قويۇش كېرەك. بۇ ۋەسىقە ئىچىدىكى يىل دەۋرى
ئېنىقلانغان ۋەسىقە بىلەن يىل دەۋرى ئېنىقلانمىغان ۋەسى-
قىلەر گۇرۇپپىسىدا ئەرز-شىكايەت ۋە قانۇن-تەرتىپ خا-
راكتېرىدىكى ۋەسىقىلەر پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ ياكى
سىرتقى قىياپىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىسپاتقا ئىگە
بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ 22 پارچە يىل دەۋرى ئېنىقلانمىغان
ۋەسىقە يىل دەۋرى ئېنىقلانغان ۋەسىقىلەر تەرىپىدىن
سىقىپ چىقىرىلمايدۇ. كىلارك (Clark) يەنە بىزگە نېمە
ئۈچۈن موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ

ۋەسىقىلەر تېپىلمايدۇ دېگەن قىزىقارلىق بىر مەسىلىنى ئوت-
تۇرىغا قويغان. ئەمەلىيەتتە ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى،
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئەسلىي
نۇسخىسى ئېھتىمال تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە
مەنسۇپ بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ
ئەمەس ئىكەن. ئېنىقكى بۇ مەسىلىنى موڭغۇل ئىمپېرىيە-
سىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىن ئىزدەش كېرەك، ئەمما
بۇ ئېنىقكى بەس-مۇنازىرە قوزغايدىغان بىر مەسىلىدۇر.

سابىق گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەنلەر
ئاكادېمىيەسى تۇرپان ۋەسىقىلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان
رادلوفنىڭ (Rodlof) ئەسىرىنىڭ قايتا نەشرى ھەققىدە
سۆزلەشتىن بۇرۇن مەن مورى ماسائونىڭ ئەسىرى ھەققى-
دە توختىلىمەن. يېقىندا ئۇ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئەسەر-
لەرنى قايتا نەشر قىلدۇرۇشنى پىلانلىغان. يېقىندا ئۇ يەنە
ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن بۇخىزمەتنى ھەمكارلىشىپ
ئىشلەشكە بىزنى تەكلىپ قىلدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا مەن
بۇ ۋەزىپىنى ئىككى-ئۈچ يىلدىلا تۈگىتىپ بولۇشنى كۆڭ-
لۈمگە پۈكتۈم. 1975-يىلى مورى ماسائو Bolmis گۇرۇپ-
پىسىغا تەۋە بولغان ئۈچ پارچە قەرز ۋەسىقىسىنى قايتا
نەشر قىلدۇردى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1976-يىلى
Qayimtu ۋەسىقىلىرى ھەققىدە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە
ئېلان قىلغان. مورى ماسائونىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا،
بۇ ۋەسىقىدىكى ساتقۇچى، قەرز ئىگىسى ۋە ئىجارە بەر-
گۈچى سۈپىتىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان Qayimtu نىڭ بىر
چوڭ پومېشچىك ئىكەن. بۇ تۈردىكى ناھايىتى قىزىقارلىق
ۋەسىقىلەر ھەققىدە يېزىلغان ماقالىنى ئاپتور تېخىمۇ ئىلگى-
رىلەپ يېزىپ چىققانىكەن. يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇ ئا-
يانكى، ھەر خىل ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان مۇھىم
شەخس ۋە ۋەقەلەر ھەققىدىكى تەتقىقات شۇنچىلىك مۇ-
ھىمدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر خىل ياكى ئوخشاش تۈر-
دىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات
ئېلىپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، مەن توپلىغان يەر ئېلىم-
سېتىم ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھۆججەتلەر ۋە مۇ-
شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر AOF ژۇرنىلىنىڭ 7-سا-
نىغا بېسىلغان. بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ پەقەت بېرلىن
يىغما ۋەسىقىلىرىدىلا ساقلىنىشى ئېھتىمال بىر تاسادىپىيلىق-
تۇر. ئەڭ ئەپسۇسلۇق بىر ئىش شۇكى، مەن مۇۋاپىق ئۇ-
سۇللار ئارقىلىق مورى ماسائونىڭ 1965-يىلى نەشر قى-
لىنغان مۇشۇ خىلدىكى ماقالىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئىمكانى-
يىتىنى تاپالمىدىم. 1972-يىلى مورى ماسائو قوللۇق

تۈزۈم ھەققىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان مۇھىم كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭغا تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەنىكەن. شۇڭا يەنە بىر ماقالەمدە قۇللۇق تۈزۈم مەسىلىلىرىگە دائىر ئۈچ پارچە يېڭى ۋەسىقە پارچىلىرىنى ئېلان قىلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى پارچە ۋەسىقىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس شەھىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ھەققىدىكى ۋەسىقە بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ يېشىشتىكى قىيىنچىلىقنى پۈتۈنلەي ھەل بولدى دېگىلى بولمايدۇ. مەن باشقا ئالىملارنىڭمۇ بۇ ۋەسىقە پارچىلىرىنى تەتقىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ يەردە مېنى كۆپ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئالىم تىزكانغا (Tezcan)غا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. بۇ ۋەسىقىلەر ھەركىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ ۋەسىقىلەر ئېھتىمال موڭغۇللار دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپتۇر، بۇنى بىز بۇ ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلالايمىز.

ئىبادەتخانىلاردىكى ئىجارىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە بۇددىستلارنىڭ ھەقسىز ئەمگىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇق موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان ھەرقايسى جايلاردىن بايقالغان. 1928 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» ناملىق بۇ ئەسەر نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدىكى بۇ ۋەسىقە بىزنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئامبىرىمىزغا كىرگۈزۈلدى. رادلوفنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن 88 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ يەشمىسى ۋە بىر پارچە تېخى ئېلان قىلىنمىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى رەھمەتى ئارات تەمىنلەپ بەرگەنىدى. بۇ ئىككى پارچە ۋەسىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ AOF ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالەمنىڭ ئاساسي تېمىسى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەن كلارك ئوتتۇرىغا قويغان 88usp ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇش ھەققىدىكى كۆز قاراشنىڭ تېخنوۋ ئوتتۇرىغا قويغان يىل دەۋرىدىن بالدۇر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. AOF ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا lab (ئىستېمال، سەرپ قىلىش دېگەن مەنىدە) سۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەتخانا تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە مەنىسىنىڭ «قۇتقۇزۇش پۇلى» (almas) دېگەن مەنىدىكى سۆزنىڭ يەشمىسى ھەققىدىكى بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدىم. بۇ پارچىنىڭ «تۈنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى ئىزاھاتى ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە لوئىس لىگېتىمۇ (L.liGeti)مۇ ئوخشاش خۇلاسىنى چىقاردى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان قەرز ھۆججەتلىرىنى يېشىشتە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تېخى جەزملەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردا، ھ. فرانكى (Franke) موڭغۇللار دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىغا خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەرزگە ئائىت ۋەسىقىلەر بىلەن موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىپ بېقىشنى تەكىتلىدى.

ۋەسىقىلەر سانى بىر قىسىم يەككە ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ خېلى كۆپىيىپ بارغان. لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ تۈردىكى ئىككى پارچە ۋەسىقىنى تۇگۇشىۋا (Tugseva) تەتقىق قىلغان. بۇنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى bk bitig بولۇپ، بۇ تا ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان ۋەسىقىگە كىشىلەرنىڭ قويغان ئىسمى ئىكەن. بۇ ۋەسىقە باج ۋە ئوتتۇغاتقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاپتور ئۇنى مىلادى 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ بېكىتتىم. ئەمما مېنىڭچە بۇ كۆز قاراش تولۇق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتقا ئىگە ئەمەس. يەنە بىر ۋەسىقە تېخنوۋنىڭ كىتابىدا كۆرۈلگەن، بۇ ۋەسىقە مىلادى 1358 ـ يىلى ئىت يىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىزگە ئۇچۇر بېرىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ شەخسلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يىل دەۋرى ئېنىقلانغان باشقا ۋەسىقىلەردىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ «تۈرك تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتابىمدا بۇ ئىككى پارچە ۋەسىقىنىڭ پارچىلىرىنى كىرگۈزگەنىدىم. بۇنىڭ بىرى قەرز توختامى ھۆججىتى، يەنە بىرى بولسا incu ھەققىدىكى ۋەسىقە ئىكەن. ھازىر بىر پارچە ۋەسىقىنىڭ پارچىسىنى كۆپەيتىپ قوشقىلى بولىدۇ، بۇ ھۆججەتنىڭ بىز بايا دېگەن كېيىنكى ۋەسىقە بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. AOF ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان قىسقا بىر پارچە ماقالەمدە بۇغداي قەرز توختامىغا مۇناسىۋەتلىك تېخى ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقىنى ئاساسي مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ تەھلىل قىلغانىدىم. بۇ توختانامە بىزگە يېڭى بىر ئۇچۇرنى، يەنى ئۇ

بولسىمۇ خۇددى كلارك (Clark) كۆرسەتكەندەك بىزگە ئايان بولغان بارلىق قەرز ھۆججەتلىرىدە ئىككى ئادەم كېپىل بولىدۇ، بۇغداي قەرز توختامىغا بولسا تۆت ئادەم كېپىل بولىدىغانلىقىدەك بىر ئەمەلىيەتنى تەمىنلىگەن.

يەنە بىر پارچە يېزا ئىگىلىككە مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقە بولۇپ، بۇ ئېنىقكى شىنجاڭدىن تېپىلغان. بۇمۇ كلارك (Clark) تەتقىق قىلىشنى ئارزۇ قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. دېگۇچ (Deguchi) 1978-يىلى سۇپەتلىك ھالدا ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان بىر ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نىسبەتەن ياخشى ساقلانمىغان ۋەسىقە بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تەكلىكتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا بىخەستەلىك قىلماسلىقى كېرەكلىكى، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ كانىيىنىڭ قۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇيرۇق ۋە ۋەز-نەسىھەت بولۇپ، بولمىسا كانىيىمىز قۇرۇپ كېتىدۇ دېگەن سۆز Bo,Yusumu amti quru,Yay دەپ يېزىلغان. مۇشۇ تۈردىكى لېكىن ياخشى ساقلانغان يەنە بىر ۋەسىقە يەنى Erntesegen ھەققىدىكى ۋەسىقە بولۇپ بۇنىڭدا بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر مەزمۇن ئاساس قىلىنغان.

1978-يىلى مورى ماسائو قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە قوللىنىلغان tamra ۋە nisan دېگەندەك شەكىللەرنى قوللىنىپ بىر كىتابنى نەشر قىلدۇردى. «سوۋېت تۈركلوگىيەسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە تۇگۇشىۋا قىيىن سۆز ۋە جۈملىلەرنى قانداق يېشىپ ئوقۇش مەسىلىسى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم بىر تەكلىپنى بەردى، ئەمما بۇ ھەممەيلەننى قايىل قىلالمىدى. تۇگۇشىۋا بۇ ھەقتە سېتىش توختامىدىكى توقۇلما بۇيۇملار باھا سۈپىتىدە رول ئوينىغان دەپ كۆرسەتكەن. بۇ جەھەتتە تۇگۇشىۋا مورى ماسائو ۋە گابائىن خانىم كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىلى بىلەن قەشقەرنىڭ نامىنى خەنزۇچە ئىپادىلىمەكچى بولغاندا ئۇنى sunlu,Y دېمەستىن بەلكى sunlog دەپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى، خوتەن بوستانلىقىنىڭ نامىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاتىرىلىمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ orta,xotan دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەگەر مۇشۇنداق ئوقۇلمىغاندا تۇرپاندىكى ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىلار نېمە ئۈچۈن قەشقەر ۋە خوتەندىن چىقىدىغان توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلىتىدۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز. شۇڭا جامىس خاملتوننىڭ (j.Hamilton) نىڭ um,Yaliy orta دېگەن بۇ سۆزنى ئوتتۇرىدىكى تامغا (tam,Ya) دەپ ئوقۇش كېرەك دېگەن پىكرىنى توغرا دەپ قارايمىز. مەن 1976-يىلى ئېلان قىلغان ماقالەمدە مۇشۇ مەسىلە، شۇنداقلا يەنە سودا ئىشلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغانىدىم.

ياپون ئالىملىرىدىن مورى ماسائو ۋە يامادا نوبوئۇلار ئالدىنقى ئەۋلاد ياپون ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن تەھلىل قىلغان. بۇ ھەقتە ئۇمېمۇرا خىروشى ئېلىم-سېتىم توختامى ۋە ۋەسىيەتنامىلەردىكى قەرزگە دائىر مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلغان. 1973-يىلى لۇئىس لىگېتىمۇ (L.ligeti) ulu,Ysuu سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىدەك يىپ ئۇچىنى تاپتى. ئۇمېمۇرا خىروشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇھىم بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ يۇقىرىقى ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى ھەققىدىكى تەتقىق ئېلىپ باردى. 1978-يىلى گېلىڭ شىمىن مىلادى 10-ئەسىرلەردىكى بىر مانى دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى بىر بۇيرۇقنى ئوقۇپ چىقتى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، مانى دىنىغا دائىر كۆندىلىك تۇرمۇش مەلۇماتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كۆپلىگەن ۋەسىقە پارچىلىرى يىرتىق، كىچىك ھەمدە ئوقۇش تەس بولغاچقا، تېخىچە ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقىلەرنى نەشر قىلدۇرۇش كۆنسېرى قىيىنلىشىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەمما بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ رولى تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر. بۇ جەھەتتە ئىككىنچى بىر مۇھىم ۋەزىپە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى قايتا نەشر قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئاساستا ئوخشىمىغان ۋەسىقىلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى «ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى توپلىمى» دېگەن نامدا توپلام قىلىپ، شۇ ئارقىلىق قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە يېڭى بىر كىتابنى روياپقا چىقىرىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخ كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قاراقاش نانلىرى

ئابدۇمۇھەممەد ساھىبى

نان ـ ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كەڭ ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى. نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئىچىدە تارىخىنىڭ ئەڭ ئۇزاقلىقى، تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تەمىنىڭ مەززىلىكلىكى، ئوزۇقلۇق ۋە ئىستېمال قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، روشەن خاسلىق، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمگەكچان، مېھنەتسۆيەر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قارىقاش خەلقى ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۆزى ياشىغان ئىقلىم شارائىتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن ئۆزلىرىگە خاس نانلارنى، نانلارنىڭ يېڭى تۈر ـ شەكىللىرىنى، مۇناسىۋەتلىك قورال ـ سايمانلارنى ئىجاد قىلىپ، نانغا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قاراقاش خەلقى بۇلارنى ھازىرغىچە ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئەل ئارىسىدا بۇرۇندىن ھېلىغىچە قاراقاش نانلىرى ئىچىدىن كاكچا، ياغلىق توقاچ، گۈللۈك توقاچ، توم نان، گۆشگىردە، گىردە، سامسا، گۆشنان، قاتلىما نان، ياڭاق نېنى، كۆمەچ، سامسا، زاغرا نان، ئارپا نېنى... قاتارلىق نانلارنىڭ داڭقى بار.

قارىقاش نانلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: قاراقاش ناھىيەسىنىڭ «ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى يۇرتى» دېگەن نامى بار. دەرۋەقە 1985 ـ يىلى خوتەن ب د ت نىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش 5 ـ رايونى قىلىپ قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قاراقاش ناھىيەسىدىكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر سانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا 80 ياش، 90 ياش، 100 ياشتىن ئارتۇق، ھەتتا 110 نەچچە، 120 نەچچە ياشقىچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن بوۋاي ـ مومايلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى، مېدىتسىنا ئىلىم ئىگىلىرى ئۇزۇلدۇرمەي سوراپ كېلىۋاتقان «سىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا نېمە يەپ، نېمە ئىچىسىز ؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى تولىمۇ ئاددىي ھەم بىردەك ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار

ھامان ناننى كۆپ يەيدىغانلىقنى، ئوزۇقلىنىشتا ناننى ئاساس قىلىدىغانلىقنى تىلغا ئېلىشىدۇ. دېمەك، قاراقاش نانلىرىنى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ، ساغلام ھاياتنىڭ، كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ سىر - ھېكمىتى مۇجەسسەملەشكەن خىسلەتلىك نان دەپ ئېيتساق ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

قاراقاش نانلىرى تۈر، شەكىل، خۇرۇچ، تەم، ئوزۇقلۇق تەركىبى، دورىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاللىبۇرۇنلا ئۆيدىن بازارغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇ قاراقاش خەلقى تۇرمۇشىدا ھەم ئاساسلىق ئىستېمال قىممىتىگە، ھەم ئىقتىسادىي تاۋار قىممىتىگە ئايلانغان. نۆۋەتتە قاراقاش نانلىرى قاراقاشنىڭ داغلىق مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ناھىيە، رايون، مىللەت ھالقىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە بازار تېپىپ، قاراقاش نانلىرىغا بولغان ئىستېمال ئېھتىياجى يىلسېرى ئېشىپ بارماقتا.

(1) قاراقاش نانلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. قاراقاش نانلىرى دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تۈر جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، شەكىل جەھەتتىن بارغانچە يېڭىلانماقتا. ھازىرقى قاراقاش نانلىرىنى ئىشلىتىلگەن خۇرۇچ، تەركىبىگە قاراپ قىيمىسىز نان، قىيمىلىق نان دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە، پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلىغا قاراپ تونۇر نانلىرى، قازان نانلىرى، قوقاس كۆممە نانلىرى، دوخۇپكا نانلىرى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇلار ئىچىدىن ئاساسلىقى: 1) كاكچا، 2) بارائەت كاكچىسى، 3) توم نان (ئاق نان)، 4) ياغلىق توقاچ، 5) گۈللۈك توقاچ، 6) سەپەر توقچى، 7) گۆشنان، 8) قاتلىما نان، 9) ياڭاق نېنى، 10) گۆشگىردە، 11) رەڭلىك گۆشگىردە، 12) گۆش قىيمىلىق سامسا، 13) رەڭلىك سامسا، 14) ياڭاق قىيمىلىق سامسا، 15) گىردە، 16) گۆش قىيمىلىك كۆمەچ، 17) ياڭاق قىيمىلىق كۆمەچ، 18) قىيمىسىز پېتىر كۆمەچ، 19) زاغرا نان، 20) زاغرا توقاچ، 21) كاۋا زاغرىسى، 22) كۆك قوناق زاغرىسى، 23) گۆش قىيمىلىق قوناق كۆمىچى، 24) قىيمىسىز قوناق كۆمىچى، 25) قوتۇرماچ، 26) كۆك قوناق قوتۇرمىچى، 27) قاتلىما كۆمەچ، 28) گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى، 29) ياڭاق قىيمىلىق قازان كۆمىچى، 30) قىيمىسىز قازان كۆمىچى، 31) گۆش قىيمىلىق قاسقان كۆمىچى، 32) ياڭاق قىيمىلىق قاسقان كۆمىچى، 33) قىيمىسىز قاسقان كۆمىچى، 34) ئارپا نېنى، 35) قۇيماق، 36) پوشكال، 37) گۆش قىيمىلىق سامبۇسا، 38) تۇخۇم قىيمىلىق سامبۇسا... قاتارلىق تۈرلەر بار. بۇلار ئىچىدە رەڭلىك گۆشگىردە، رەڭلىك سامسا، گۈللۈك توقاچ، ياڭاق نېنى قاتارلىق تۈرلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارلىققا كەلگەن يېڭى تۈرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېڭى تۈرلەر ئىچىدىن ياڭاق نېنىنى مەخسۇس ماركىلاشتۇرۇپ، ئوراپ قاچىلىنىپ بازارغا سېلىنغان قاراقاشقا خاس يېڭى ئىجادىي تۈر بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ نان قاراقاشنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلىنىپ بارغانچە بازار تاپماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەڭلىك گۆشگىردە، رەڭلىك سامسا تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ قاراقاش گۆشگىردىلىرىنىڭ دانىسى بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك، ھەتتا 20 يۈەنلىك تېخىمۇ يېڭى تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، قاراقاش نانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

(2) قاراقاش نانلىرى قويۇق ئەقىدە پۇرىقىغا ئىگە، قاراقاش خەلقى مېھماندوست خەلق. قاراقاشلىقلارنىڭ ئەقىدىسىدە نان، ناننىڭ تۇزى ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىر ئۆيدە ئاز دېگەندە ئۈچ - تۆت نان ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. نان ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەندە يەنە يېڭىدىن يېقىلىپ كۆپەيتىپ قويۇلىدۇ. قاراقاشلىقلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە-يوسۇنىدا ئۆيگە كەلگەن ھەر قانداق بىر مېھماننىڭ ئالدىغا ئەڭ ئاۋۋال داستىخان سېلىنىپ بىر لېگەن نان قويۇلىدۇ. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلار نان يۆگەپ بېرىپ يوقلىنىدۇ. بۇ «كېسەلنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلۈم ئىشى يۈز بەرگەن ھازىدار ئائىلىلەرگە نان يۆگەپ بېرىپ «چاي» ئىچۈرۈلىدۇ. يېڭى ئۆي سېلىۋاتقان ئائىلىلەردىن نان يۆگەپ بېرىپ ھال سورۇلىدۇ. يېڭى تۇغۇتلار، سۈننەت قىلىنغانلار، ئۆي مەرىكىسى، تۇغۇت مەرىكىسى قىلغانلار نان يۆگەپ بېرىپ مۇبارەكلىنىدۇ. يىلدا بىر كېلىدىغان بارائەت كۈنلىرى شۇ بىر يىل ئىچىدە ھازىدار بولغان ئائىلىلەر نان، قۇيماق يۆگەپ بېرىپ يوقلىنىدۇ ھەمدە مازار-ماشايىخلارنىڭ شەيخلىرى ئالدىغا نان، قۇيماق يۆگەپ بېرىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلدۇرۇلىدۇ. قاراقاشلىقلارنىڭ توي-مەرىكە، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىمۇ نانسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. توي- مەرىكىنىڭ تەييارلىقى ئالدى بىلەن نان يېقىشتىن، يېتەرلىك نان ھازىرلىقىنى قىلىشتىن باشلىنىدۇ. توي كۈنى ئالدى بىلەن مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىپ نان قويۇلغاندىن كېيىن باشقا تائاملار

كەلتۈرۈلىدۇ. تويى بولغان قىز-يىگىتلەرگە نىكاھ ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەنلا قىز قولىدىشى بىلەن يىگىت قولىدىشى دەررۇ بىر-بىرىدىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا نان سېلىپ قويۇشىدۇ. نان كىمنىڭ ئېغىزىغا بۇرۇن سېلىنىپ بۇرۇن يۇتۇلۇپ بولسا ئائىلىدە شۇنىڭ گېپى گەپ بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا تويى بولغان قىز-يىگىت ئاغزىغا سېلىنغان ناننى چالا چايناپلا بىر-بىرىدىن بۇرۇن يۇتۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قىز كۆچۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز قولىدىشى يىگىت قولىدىشىغا ئاتاپ كۆمەچ يۆگەپ كېلىدىغان، يىگىت قولىدىشى قىز قولىدىشى ئېلىپ كەلگەن كۆمەچنى داستىخانغا قويۇشتىن بۇرۇن قويۇپ قويغان يېرىدىن يوشۇرۇنچە تېپىۋېلىپ، ئورنىغا قازان تۇۋىقى، نان ياقىدىغان گەزنە، خىش-كېسەك دېگەندەك نەرسىلەرنى يۆگەپ قويۇپ قىز قولىدىشىنى ئوسال قىلىدىغان قىزىقچىلىق ئادەتلىرىمۇ بار.

قاراقاشلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە يەنە سەپەرگە چىققۇچىلار ئالدى بىلەن يېتەرلىك نان ئېلىۋالماي ئىشىكتىن چىقمايدۇ. نان سەپەردە ئوغۇل بالىنىڭ ھەمراھى دەپ قارىلىدۇ. نانىنىڭ ئۇۋىقىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. كېچىسى يامان چۈش كۆرگۈچىلەر ئۆزلىرىنى «ناننىڭ ئۇۋىقى ئۈستىدە يېتىپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە قاراقاشلىقلار ئارىسىدا ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «ئالدىمدا نان تۇرۇپتۇ مانا» دەپ ناننى شاھىت قىلىشىدىغان، ناننى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئارا ۋەدە قىلىشىدىغان، قەسەم قىلىشىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. قاراقاشلىقلارنىڭ ناننى ئۇلۇغ بىلىش ئەقىدىسىگە ئادىمىيلىك ئېڭى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە قاراقاش نانلىرى ئىستېمال جەھەتتە ئىزچىللىقى، ئاممىۋىلىقى، كۆپ خىللىقى، شۇنداقلا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

(3) قاراقاش نانلىرى پاكىز. قاراقاش خەلقى يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان چېۋەر خەلق. قاراقاشلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئالدى بىلەن قول يۇيۇلماي نان يېيىلمەيدۇ. قول يۇيماي نان يېيىش ئەقىلسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، نانمۇ پاكىز ساقلىنىدۇ. نان ھەرگىز ئادەم ئايىقىغا يېقىن كەلسە-كەلمەس يەرلەردە ئوچۇق قويۇلۇپ قالمايدۇ. ئادەتتە ئائىلىدە يېيىلىدىغان نانلار داستىخانغا يۆگىلىپ مۈشۈك، چاشقان، چىۋىن، قۇرت-ھاشارات، توپا-چاڭلاردىن خالىي تاختا بېشى، جاۋەن ئىچى ياكى جاۋەن ئۈستى دېگەندەك يەرلەردە ساقلىنىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغان نانلار پاكىز پەشخۇنغا تىزىلىپ ئۈستى داستىخان ياكى رەخت، سۇلياۋ يوپۇقلار بىلەن يېپىلىپ، سىم تور، ئەينەك جازا ئىچىگە ئېلىنىپ، تونۇر بېشى، پەشخۇن ئەتراپىغا سۇ سېپىلىپ چىۋىن، چاڭ-توزان دېگەنلەردىن خالىي، پاكىز ساقلىنىدۇ. قاراقاشلىقلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك تازىلىق ئادىتىدە ئاش-تاماق ئېتىشكە ياكى نان يېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنلارمۇ ھەرگىز ئوچۇق قويۇلمايدۇ. ئۇن خالتىسىنىڭ ئاغزى چىڭ چىگىلىپ نەم تارتىپ قالمايدىغان يەردە پاكىز ساقلىنىدۇ، ھەر قېتىم خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىلىدىغان داس، كاساڭ، تەڭنە، لېگەن، چۆگۈن-چەينەك، چىنە-قاچا، پەشخۇن، ئەمبەل، نوغۇچ، گەزنە، تۇكۇچ، چەككۈچ، لاخشىگىر دېگەندەك قورال-سايمانلار پاكىز يۇيۇپ سۈرتۈلىدۇ. ئوچاق-تونۇرنىڭ كۈلى پاكىز تازىلىنىپ يۈزى سۈرتۈلىدۇ. ئوچاق-تونۇر بېشى ئەتراپىغا سۇ چېچىلىپ، پاكىز تازىلىنىدۇ. خېمىر يۇغۇرغۇچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئالدى بىلەن قولىنىڭ تىرنىقى ئۆسۈپ قالغان بولسا، تىرنىقىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ، چېچىنى چىڭ چۈمكەپ، ئالدىغا پاكىز پەشتاما تارتىپ، يېڭىنى جەينىكىدىن ئاشۇرۇپ تۈرۈپ قويۇپ، قولىنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇن خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، داسقا ئۇن بۆلۈپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلايدۇ. قاراقاشلىقلارنىڭ نەزەرىدە قولىنىڭ تىرنىقى ئۆسۈپ قالغان، چاچلىرى سالۋاراپ تۇرغان، قولىنىڭ جاراھىتى، تېرە كېسىلى، تەمرەتكە كېسىلى بار ئادەم خېمىر يۇغۇرۇشقا بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق ئادەمنىڭ خېمىر يۇغۇرغىنى كۆرۈلسە ئۇنداق خېمىردا ئېتىلگەن ئاش-تاماق، يېقىلغان ناننى يېيىش ھارام ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياخشى ئادەتلەر قاراقاش نانلىرىنى تېخىمۇ پاكىزلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە قاراقاش مول يېقىلغۇ ئورمان زاپىسىغا ئىگە بولۇپ، قاراقاشتا نان يېقىلىدىغان تونۇر ئەزەلدىن باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشاش نېفىت ھېيىدا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، كۆمۈردە ئوت قالاپ ئاقارتىلمايدۇ، بەلكى ئوتۇندا ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. شۇڭا قاراقاش نانلىرى زەھەرلىك ئىس-تۈتەكلەردىن خالىي بولۇپ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىستېمال قىلىش ئوبرازىغا ئىگە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

(4) قارىقاش نانلىرى دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قاراقاش ناھىيەسى مىللىي تېبابەت ئىشلىرى ئەڭ گۈللەن-



www.uyghurkitap.com

گەن ناھىيەلەرنىڭ بىرى. قاراقاش خەلقى نان ئارقىلىق پەرز تۇتۇش، مىجەزنى تەڭشەش، كېسەل داۋالاشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن خەلق. ئادەتتە قاراقاش نانلىرىغا ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، سۇ، تۇز، سۇ مېيى، سۈت، ھەسەل، شېكەر، تۇخۇم، گۆش، پىياز، زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، سىياھدان، كۇنجۇت، زاراڭزا چېچىكى، ياڭاق مېغىزى، كۇدە، قىزىلمۇچ، كۆكمۇچ، شوخلا، كاۋا، كۆكقوناق قاتارلىق خۇرۇچلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خۇرۇچلار نانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلىتىلىدۇ. قاراقاش نانلىرىنى ئىشلىتىلگەن خۇرۇچ، پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى، دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ پېتىرنان، ئۆرلەگ نان، قىيمىلىق نان، قىيمىسىز نان دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدىن كاكچا خېمىرى ئۆرلىتىپ نېپىز يېقىلىدىغان نان بولغاچقا ئاسان ھەزىم بولىدىغان يەڭگىل نان ھېسابلىنىدۇ ھەم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان داۋالىنىش باسقۇچىدىكى كېسەللەرگە باشقا تائاملاردىن پەرز تۇتۇپ مەخسۇس يېيىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئىشلىتىلگەن گۆشگىردە، گۆشنان، كۆمەچ، سامسا، كۆمە كۆمەچ، ياڭاق نېنى قاتارلىق نانلار بىردەك ئۇزۇقلۇق تەركىبى ھەم ئاقسىل ماددىسى يۇقىرى، قۇۋۋەتلىك، خۇسۇسىيىتى ئىسسىق نانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ نانلار پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى ياخشىلاش، ئاشقازان، بۆرەك، قاننى قىزىتىش، يۈرەك،



جىگەر، تالغا قان كۆپەيتىش، خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە نانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ نانلار قاراقاش تېبابىتىدە بەدىنى زەخىملىنىپ قېنى ئېقىپ كەتكەن، قان ئېلىنغان، سۈننەت قىلىنغان، يېڭى كېسەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، قېنى سوغۇپ قالغان، روھسىز، كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە ھاۋالە قىلىنىدۇ. بۇ نانلار ئىچىدىمۇ ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ ئوتىدا پىشۇرۇلغان نان ئەڭ قۇۋۋەتلىك، خۇسۇسىيىتى ئەڭ ئىسسىق نان ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل نان ئارقىلىق مىجەزنى تەڭشەش، كېسەل داۋالاش ئادەتلىرى قاراقاشتا ئۇزاق يىللىق ئەنئەنە ۋە ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ، نۆۋەتتە مېدىتسىنا ئىلمى ۋە رايون ئىچى- سىرتىدىن قاراقاشقا كېلىپ مىللىي تېبابەت دورىلىرى بىلەن داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ قاراقاش نانلىرىغا بولغان قايىللىقى بارغانچە ئېشىپ بارماقتا. دېمەك قاراقاش نانلىرىنى يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتى ۋە يۇقىرى ئىستېمال ئوبرازىغا ئىگە نان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە قاراقاشنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق نانلىرىنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## كاكچا

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، پىياز، سىياھدان، كۇنجۇت، زاراڭزا چېچىكى.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۆرلىتىش ئۈچۈن پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن ئىككى- ئۈچ سائەت ئەتراپىدا يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلەشكە يېقىن تونۇرغا ئوت قالاش باشلىنىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوت قالاش توختىتىلىپ، دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىپ بولغۇچە بىر ياقتىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ نان ياساش باشلىنىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈشتە ئالدى بىلەن پەشخون ياكى ئاشتاختىدا يۈزىگە بىر قۇر پۇخۇن (ئۇن) سېپىلىپ خېمىر پۇخۇن ئۈستىدە سىلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن بىر باشتىن چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا بىر قۇر تاۋلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ، پەشخوننىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستى پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇقلار بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. زۇۋۇلا تەييارلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر باشتىن ئېلىنىپ، نېپىز ھالەتتە كېڭەيتىلىپ كاكچا يۈزى ئېچىلىدۇ ھەمدە كاكچا يۈزىگە تۈگۈچ ياكى چەككۈچ ئۇرۇلۇپ گۈل چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق چانالغان پىياز، سىياھدان، كۈنجۈت، زاراڭزا چېچىكى سۈرتۈلىدۇ. ئاندىن كاكچا يۈزى گەزنە ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىپ يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، ئۈستىگە تۇز ئېرىتمىسى چاچرىتىلغاندىن كېيىن تونۇرغا يېقىلىدۇ، كاكچا نېپىز بولغاچقا ئاسان پىشىدۇ. پىشقاندىن كېيىن لاخشىگىر بىلەن تونۇر يۈزىدىن ئاسانلا سويۇپ ئېلىنىدۇ.

كاكچىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئاسان ھەزىم بولىدىغان سىڭىشلىك، يەڭگىل نان ھېسابلىنىدۇ. تېبابەتتە پەرز تۇتۇپ داۋالىنىۋاتقان كېسەللەرنىڭ يېيىشىگە بۇيرۇلىدۇ. قاراقاشتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان تارىخى ئەڭ ئۇزاق نان، شۇنداقلا توي-مەرىكە، نەزىر-چىراغ، مېھماندارچىلىق داستىخىنىدا قويۇلىدىغان ئاساسلىق نان ھېسابلىنىدۇ. شورپا، قورۇما، سويۇقئاشلارغا چىلاپ يېيىشكىمۇ، چايغا چۆكۈرۈپ يېيىشكىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۆزئارا سوۋغا قىلىشقىمۇ، داستىخانغا يۆگەپ مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ. تەمى مەززىلىك، چۈرۈك بولۇپ ئاسانلىقچە قېتىپ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، قېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ چايغا چۆكۈرۈپ بولغۇچە چۆپتەك يۇمشاپ كېتىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا لېگەن ئورنىدا ئىشلىتىپ ئۈستىگە گۆش-كاۋاپ، مانتا، پولۇ، مېۋە-چېۋىلەرنى ئېلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا ئەكىلىشكىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## ياغلىق توقاچ

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، سۇ مېيى، قوي يېغى، سۈت، تۇخۇم، پىياز، سىياھدان، كۈنجۈت.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىر تۇرۇچ سېلىنىپ، سۈت، سۇ مېيى، تۇز ئېرىتمىسى، سۇ قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. سۈت، سۇ مېيى، سۇنىڭ مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ قۇيۇلىدۇ. ياغلىق توقاچ خېمىرى سۇ ئارىلاشتۇرۇلماي سۈت، سۇ مېيى، تۇخۇم سۇيۇقلۇقى، قوي مېيى ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ يۇغۇرۇلسا نېنى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ياغلىق توقاچنىڭ خېمىرى مۇۋاپىق مىقداردا سۇ مېيى قۇيۇلماي يۇغۇرۇلمايدۇ. ئادەتتە ياغلىق توقاچنىڭ خېمىرى سەل چىڭ ھەم پىششىق يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇقلار بىلەن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ئۆرلىگەنگە قەدەر يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە بىر ياشتىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يېقىلىدىغان ناننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇننىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە سۇ مېيى سۈرتۈلۈپ سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە ئوت قالاپ تونۇر ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىپ، تونۇر يۈزىگە تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ، تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا نېپىزلىتىلىپ ناننىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. ياغلىق توقاچنىڭ يۈزى گىرۋىكى سەل قېلىنراق، ئوتتۇرىسى نېپىزرەك قىلىپ ئېچىلىدۇ. نان يۈزى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈزىگە تۈگۈچ ياكى چەككۈچ ئۇرۇلۇپ گۈل نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ. ئاندىن ئۇششاق چانالغان پىياز، سىياھدان، كۈنجۈت سۈرتۈلۈپ، گەزنە ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىدۇ. گەزنە ئۈستىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ناننىڭ چۆرىسى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ ئۈستىگە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلگەندىن كېيىن تونۇرغا يېقىلىدۇ. تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلمىگەندە نان تونۇر يۈزىگە چاپلاشمايدۇ. تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلمەي تۇخۇم سۇيۇقلۇقى سۈرتۈلسە نان تونۇرغا تېخىمۇ ئاسان، سۆپەتلىك، تولۇق چاپلىشىدۇ ھەم نان پىشقاندىن كېيىن سويۇپ ئېلىشقىمۇ ئاسان بولىدۇ. نان ئۇلىمۇ پاكىز، مەززىلىك پىشىدۇ. ياغلىق توقاچنىڭ جىلتى سەل قېلىنراق بولغاچقا تونۇردا ئۇزاقراق تۇرۇشى ھەم قىزىرىپ پىشقاندا ئاندىن تونۇردىن ئېلىنىش كېرەك. ياغلىق توقاچنى تونۇردىن سويۇپ ئېلىشتا پەم بىلەن ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بولمىسا ياغلىق توقاچ چۈرۈك بولغاچقا ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ. ياغلىق توقاچ تونۇردىن ئېلىنغاندىن كېيىن سوۋۇپ بولغىچە يۈزىگە بىر قۇر چۈچۈتۈلگەن سۇ مېيى سۈرتۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ناننىڭ تېخىمۇ مەززىلىك تەم، پارقىراق ھۆسن قوشۇلىدۇ.

ياغلىق توقاچنىڭ ئالاھىدىلىكى: تەمى مەززىلىك، يۇقىرى ئاقسىللىق خۇرۇچلار ئىشلىتىلگەچكە قۇۋۋەتلىك، خۇسۇسىيىتى ئىسسىق نان ھېسابلىنىدۇ. ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۇتۇن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، كەم ماغدۇر كىشلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. چۈرۈك بولۇپ ئاسان قېتىپ، بۇزۇلۇپ، كۆكىرىپ قالمايدۇ. يىراق تۇغقانلار ئارا ئەۋەتىشكىمۇ، ئائىلىدە ساقلاپ يېيىشكىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ بولىدۇ. سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئادەتتە ياغلىق توقاچ كاكچىنىڭ ئۈستىگە تىزىلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا ئەكېلىدىغان بولۇپ توي ـ مەرىكە، مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ.

## گۈللۈك توقاچ

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، سۇ مېيى، سۈت، تۇخۇم، پىياز، سىياھدان، كۈنجۈت.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىر تۇرۇچ سېلىنىپ، سۈت، قىزدۇرۇلغان سۇ مېيى، تۇز ئېرىتمىسى، سۇ قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر سۇ قۇيۇلماي سۈت، سۇ مېيى، تۇخۇم سۇيۇقلۇقى بىلەن يۇغۇرۇلسا نېنى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن گۈللۈك توقاچ ياغلىق توقاچنىڭ چىرايلىق شەكىللىك بىر تۈرى بولۇپ، خېمىرى مۇۋاپىق مىقداردا سۇ مېيى قۇيۇلماي يۇغۇرۇلمايدۇ. گۈللۈك توقاچنىڭ خېمىرىمۇ ياغلىق توقاچ خېمىرىغا ئوخشاشلا سەل چىڭ ھەم پىششىق يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇقلار بىلەن ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ئۆرلىگەنگە قەدەر يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن بىر باشتىن زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى يېقىلىدىغان نانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر ـ بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇنىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە قىزدۇرۇلغان سۇ مېيى سۈرتۈلۈپ يۆگەپ قويۇلىدۇ. گۈللۈك توقاچنى ئائىلىدە كان ئوچاققا يېقىشقىمۇ، چوڭ تونۇردا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغان گۈللۈك توقاچ بىردەك چوڭ تونۇرغا يېقىلىدۇ. گۈللۈك توقاچنى يېقىشتىن ئاۋۋال تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. گۈللۈك توقاچنى تەييارلاشتا ئاۋۋال زۇۋۇلا بىر باشتىن ئېلىنىپ يايغۇ بىلەن يېيىتىلىدۇ. ئاندىن يېيىتىلىپ بولۇنغان جىلىت ئۈستىگە نېپىز تۆمۈردىن ياسالغان گۈللۈك قېلىپ باسۇرۇلۇپ، گۈللۈك توقاچنىڭ جىلتى كېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جىلىت يۈزىگە تۈگۈچ ياكى چەككۈچ ئۇرۇلۇپ سىياھدان، كۈنجۈت سۈرتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قېلىپ ئېلىنىدۇ پىياز سۈرتۈلسىمۇ، سۈرتۈلمىسىمۇ بولىدۇ. گۈللۈك توقاچ جىلتىنىڭ گىرۋىكىدىن قىيۋېتىلگەن خېمىر يەنە قايتا جىلىت ياساشقا يىغىپ قويۇلىدۇ. گۈللۈك توقاچ جىلتىنى قېلىپ بىلەن كەسمەي، زۇۋۇلىنى قېلىپ ئىچىگە سېلىپ، قول بىلەن باسۇرۇپ كېڭەيتىش ئارقىلىق ياساشقىمۇ بولىدۇ. گۈللۈك توقاچ جىلتىنىڭ ئوڭ يۈزى گەزنە ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىپ، سول يۈزىگە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلگەندىن كېيىن تونۇرغا يېقىلىدۇ. تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلمەي تۇخۇم سۇيۇقلۇقى سۈرتۈلسە نانىنى تونۇرغا سۈپەتلىك تولۇق چاپلاشتۇرۇش ھەم پىشقاندىن كېيىن سويۇپ ئېلىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. نان ئۆلىمۇ پاكىز، مەززىلىك پىشىدۇ. گۈللۈك توقاچ قىزىرىپ پىشقاندا ئاندىن تونۇردىن ئېلىنىدۇ. گۈللۈك توقاچ تونۇردىن ئېلىنغاندىن كېيىن سوۋۇپ بولغىچە يۈزىگە بىر قۇر چۈچۈتۈلگەن سۇ مېيى سۈرتۈۋېتىلىدۇ.

گۈللۈك توقاچنىڭ ئالاھىدىلىكى: گۈللۈك توقاچ قاراقاشتا ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن سەنئەت شەكلىگە ئىگە يېڭى نان تۈرى ھېسابلىنىدۇ. گۈللۈك توقاچنىڭ گىرۋىكى يۇلتۇز گۈللۈك، غۇنچە گۈللۈك، يوپۇرماق گۈللۈك، بۇرجەك گۈللۈك، مارجان گۈللۈك شەكلىدە قىيىپ ياسىلىدىغان بولۇپ چىرايلىق، كۆركەم كۆرۈنىدۇ. تەمى مەززىلىك، يۇمشاق، چۈرۈك، يېيىشلىك، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۇتۇن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قۇۋۋەتلىك نان ھېسابلىنىدۇ. ئاسان قېتىپ، بۇزۇلۇپ، كۆكىرىپ قالمايدۇ. يىراقتىكى تۇغقانلارغا ئەۋەتىشكىمۇ، يېقىنلارغا سوۋغات قىلىشقىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ھېيت ـ ئايەم، توي ـ مەرىكە داستىخانلىرىغا تېخىمۇ ھۆسن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قوشىدۇ. يېقىندىن بۇيان قاراقاشتا يەنە گۈللۈك توقاچنىڭ لېگەنگە كۈنۈسسىمان تىزىلىدىغان بىر يۈرۈش شەكلى بارلىققا كېلىپ ھېيت-ئايەم، توي-مەرىكە، مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. بۇ قاراقاش نانلىرىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ يېڭىلىقتا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## توم نان (ئاق نان)

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىر تۇرۇچ سېلىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ناۋادا خېمىر ئۇنىڭدىنمۇ تېز ئۆرلىتىلمەكچى بولسا تېخىمۇ قېلىن يۆگىلىپ ئىسسىق يەردە قويۇپ قويۇلىدۇ. تومناننى كان ئوچاقتا، تونۇرغا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. تونۇرغا يېقىشتا خېمىر ئۆرلەشكە يېقىن تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئۇن) سېپىلىدۇ. ئاندىن خېمىرنى پەشخۇنغا ئېلىپ، سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈش باشلىنىدۇ. زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ بىرئاز كېڭەيتىلىدۇ. ئاندىن زۇۋۇلا بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلىپ ئايرىم كېڭەيتىلىپ ناننىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. توم ناننىڭ يۈزى گىرۋىكى قېلىنراق، ئوتتۇرىسى نېپىزرەك قىلىپ ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نان يۈزىگە تۈگۈچ ياكى چەككۈچ ئۇرۇلۇپ پىياز سۈرتۈلگەندىن كېيىن گەزنە ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قۇر كېڭەيتىلىپ ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلگەندىن كېيىن تونۇرغا يېقىلىدۇ. توم نان ياغلىق توقاچقا قارىغاندا ئاسان پىشىدۇ، ئاسان پىشقاچقا قومۇرۇپ ئېلىنغان ناننىڭ ئورنىغا يەنە تەكرار نان يېقىشقا بولىدۇ.

توم ناننىڭ ئالاھىدىلىكى: توم نان ئادەتتە ئاق نان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قاراقاشتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ دېھقانلار ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئاساسلىق



نان ھېسابلىنىدۇ. توم ناننىڭ خۇرۇچى ئاز، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ يۇمشاق، مەززىلىك، يېيىشلىك، سىڭىشلىك، بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان ئىسسىق توم نان ھەم يۇمشاق، ھەم مەززىلىك، ھەم يېيىشلىك. توم نان مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، ئائىلىدە يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىش ئورنىدا يېيىشكىمۇ ماس كېلىدۇ. تاماقتىن پەرھىز تۇتقان بىمارلار يېيىشكىمۇ بولىدۇ. گۆش-كاۋاپ يۆگەشكىمۇ، سەپەردە ئېلىۋېلىشقىمۇ، شورپا، قورۇما، مۇراببا، سوغۇق سەي، مېۋە-چېۋە، چاي، سۇ بىلەن يېيىشكىمۇ، قۇرۇق پېتى يېيىشكىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## گۆشنان

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، گۆش، پىياز، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە گۆش قىيمىسى تەييارلىنىدۇ. قىيمىغا قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ، كالا گۆشى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. گۆش قىيمىسى تەييارلاشتا ئالدى بىلەن يېتەرلىك گۆش، پىياز توغرىلىپ، ئۇششاق چانىلىپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ. ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچ سېلىنىپ، تۇزى تەڭشەلگۈدەك ھالەتتە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى بىلەن سۇ قۇيۇلۇپ قىيما ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. گۆشناننىڭ قىيمىسىنى پىياز ئارىلاشتۇرماي تەييارلاشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. گۆشناننى كان

ئوچاققا، تونۇرغا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. تونۇرغا يېقىشتا ئالدى بىلەن تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇز تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئۇن) سېپىلىدۇ. ئاندىن خېمىر پەشخۇنغا ئېلىنىپ، سىلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۇزۇش باشلىنىدۇ. زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇننىڭ بىر تەرىپىگە تىزىلىپ ئۈستى يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا بىر باشتىن ئېلىنىپ نېپىز قىلىپ كېڭەيتىلىدۇ. زۇۋۇلا كېڭەيتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا گۆش قىيمىسى سېلىنىدۇ. قىيما بىر قۇر يېيىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ناننىڭ جىلتى تۈرۈلۈپ چەمبەر شەكلىدە يۆگۈلىدۇ. ئاندىن يەنە كېڭەيتىلىپ ناننىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن گەزنىگە ئېلىنىپ، ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلۈپ تونۇرغا يېقىلىدۇ. گۆشنان مايلىرى تەپچىرەپ تولىمۇ مەززىلىك پىشىدۇ.

گۆشناننىڭ ئالاھىدىلىكى: يۇمشاق، مەززىلىك، تەملىك، يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك، ئائىلىدە يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، سەپەردە ئېلىۋېلىشقىمۇ، سىرتلاردا يېيىشكىمۇ ماس كېلىدۇ. خۇسۇسىيىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك نان ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئىشلىتىلگەن گۆشنان ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، يېڭى كېسەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سۈننەت قىلىنغان، سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلاپ قالغان، جىسمانىي كۈچى خوراپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇلاردىن سىرت قىيمىسىغا پىياز ئارىلاشتۇرۇلماي يېقىلغان گۆشنان پۈت-قولنىڭ سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن بىمارلارغا شىپا ھېسابلىنىدۇ، بۇ نان قاراقاش تېبابىتىدە شۇ خىل كىشىلەرنىڭ يېيىشگىمۇ ھاۋالە قىلىنىدۇ.

## قاتلىما نان

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، سۇ مېيى، كۇدە، كۆك پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە يېتەرلىك كۇدە تەييارلىنىپ توغرىلىدۇ. توغرالغان كۇدە قازاندا قىزدۇرۇلغان سۇ مېيىغا سېلىنىپ، سۇ مېيى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر قاچىغا ئېلىنىدۇ ياكى توغرالغان كۇدە بىر قاچىغا سېلىنغاندىن كېيىن ئۈستىگە قىزدۇرۇلغان سۇ مېيى قۇيۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قاتلىما ناننى ئائىلىدە كان ئوچاققا، تونۇرغا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. تونۇرغا يېقىشتا تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈش باشلىنىدۇ. زۇۋۇلا بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇننىڭ بىر تەرىپىگە تىزىلىپ ئۈستىگە چۈچۈتۈلگەن سۇ مېيى سۈرتۈلۈپ يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا بىر باشتىن ئېلىنىپ نېپىز قىلىپ كېڭەيتىلىدۇ. زۇۋۇلا كېڭەيتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ مېيىغا ئارىلاشتۇرۇلغان كۇدە سېلىنىدۇ. كۇدە بىر قۇر يېيىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ناننىڭ جىلتى تۈرۈلۈپ چەمبەر شەكلىدە يۆگىلىدۇ. ئاندىن يەنە كېڭەيتىلىپ ناننىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن گەزنىگە ئېلىنىپ، ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلۈپ تونۇرغا يېقىلىدۇ. قاتلىما نان مايلاش، مەززىلىك پىشىدۇ. قاتلىما ناننى كۇدە ئورنىدا كۆك پىياز ئىشلىتىپ يېقىشقىمۇ بولىدۇ.

قاتلىما ناننىڭ ئالاھىدىلىكى: قاراقاشتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يۇمشاق، مەززىلىك، تەملىك، يېيىشلىك، ئائىلىدە يېقىپ يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، سەپەردە ئېلىۋېلىشقىمۇ، سىرتلاردا يېيىشكىمۇ ماس كېلىۋېرىدۇ. باشقا يېمەكلىك بىلەن ئارىلاشتۇرماي يەككە يېيىشكىمۇ قولايلىق، بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى قومۇرۇلغان ئىسسىق قاتلىما نان تېخىمۇ يېيىشلىك.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاقۇلۇم بېرگەن ئاكا ۋە ماختۇمى جان ئۇكۇ

**غالىب بارات ئەرك**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئۇيغۇر خەلقى مول خەلق ئەدەبىياتى باي-
لىقىغا ئىگە. خەلق ئەدەبىياتىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، ئۆگىنىش
ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تىلى، تارى-
خى، مەدەنىيىتى ھەم ئىدىيە ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. 1980 ـ يىللىرىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يىغىپ رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. 19 ـ
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دىيارىمىزغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچى-
لەر ۋە ئالىملارمۇ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ۋە ئۆز ئەللىرىگە قايتقاند-
دىن كېيىن ترانسكرىپسىيەسىنى ئىشلەپ، تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ
ئېلان قىلغان. چاغداش ئالىملىرىمىز ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات
ئۇسۇلى ئارقىلىق خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان

«چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك ئەدىب
موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىم تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى ئې-
نىقلاپ چىقىش بىلەن بىللە، «ئاق ئۇلەمبەردىخان» (1992 ـ يىلى بېسىل-
غان «لوپنۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى) داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»
گە چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يېڭىسۇ مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىغىم



بىر مۆززۆم بار ئىكەن. دەمال ئىزە بىر ئوغۇل تۇغاددكەن. قالغانغا قىز تۇغادىكەن، دامامەت ــ بالامغا دۇشمان بولادۇ ئۇ قىز، بۇ قىزنى ئۆلتۈرەمەن! دېپ بۇ قىزنى دەمامەت ئۆلتۈرادىكەن.

كېيىن ئاققولۇم بېگىن ئوغۇلنىڭ ئاتى ئىكەن. بۇ بالاغا يىغلايدىكەن: ئۇ ماڭا بىرقىز ۋېيسەڭ، ئوقۇمۇاشىغا قان قىلسام!

ــ يوق، بالام، ۋېرمەيمەن! دېيدىكەن. ئاققولۇمبەگ ئۇنامايدىكەن. ئاندىن زىزە بىر قىزنى بېرىدىكەن ئەمدى. يانا بىر كېيىك ئۇچخاشادىكەن. ئۇ كېيىك بالاسىنى كۆلۆگۆدە قويۇپ ئۆزى ئاپتاپتا، ئىسسۇختا ياتىپتو. ــ مېنى ئوشۇ ئۆكۆمنى باقىپ چوڭۇتۇپ بېرسىڭ! دېپ سوۋا سالىدىكەن! ــ ئانداق ۋولسا، مەم باقاي! دېپ غادا قىلىشىدىكەن.

ئاققولومبېگ ئۆكۆسۇن كېيىككە بېرىپ ئۆزۈ تاققا چىقادىكەن. شۇ تاغدا يۇرەپ كېيك، جارەن ئاتىپ يېپ جېن يۇرىدىكەن. ئۇ ئۆكۆسۇ چوڭۇپ كېتىپتۇ. كېيىكنىڭ قولۇدا تۇرۇپ. ئاندىن زىزە ئاققۇلۇمبەك ئۆكۆسۇن كېيىكتىن ئاكېتىپتو. ــ ئۆكۆم، ماشۇندا سەن ئولتۇر، مەن ئىشقا كېلىپ قىلىپ كېلەي! ئۆكۆسۇنۇ شۇ جايدا قويۇپتۇ. گۆشنۇبېرىپ كېتىدىكەن.

ئايتۇپتو: ــ ئۆكەم، سەن ئۆگۆزۆگۆ چىقىپ ئىككۆزگۆ قاراماغىن! دېپ قويۇدۇكەن. ــ ئۆگۆزۆگۆ چىقىپ باشىڭنى تاراماغىن! دېيدىكەن.

ئەكەسى يانا چىقىدىكەن تاغقا. قىزنىڭ ئاتى ماختۇمى جان ئىكەن. ــ بۇ ئاكەم ئاجايىپ گەپ قىلدى: مەن ئۆگۆزۆگۆ چىقىپاقاي، تېپىگە چىقىپاقاي! ئۆگۆزۆگۆ چىقىپتو، تۆت تەرەپكە قاراپتو. ئاندىن باشىن تاراپتو. پوققاتاغانا چاچىدىن تامغان يۆل ئوتنى ئۆچۇرۇپ قويۇپتو. ئۇ ئوتنو تاپالماي ئەمدى.

ــ ئەكەم دېگەندەك ئۆگۆزۆگو چىقىپ قاراپياقاي! ئۆگۆزۆگو چىقىپ قاراپتو. تاغنىڭ تۆگىدىن تۇتۇن چىقىپ تۇرۇپتۇ. ــ مۇشۇڭا بارسام، بىر ئىنسان بار چاقاۋا! ماڭۇپتو ئەمدى. شۇ ئىس سىققان يەگە ۋارسا، بىر قارى ماما ئولتۇرۇپتىكەن.

ئاسسالائۇمالەيكۇم! دېپ كىرىپ بارىپتو ئەمدى. ئۇ قۇتقانى: ئوغلۇم يوق، ئوغۇل قىلىۋالاي، قىزىم يوق، قىس قىلىۋالاي، كېلىڭ بالام!

ــ بالام، باشىمى پىتىنى باقىپ قوي! قارى دەپتو ئىكەن. باشنى پىتنى باقادىكەن. ئولڭ تەرەپىدىن ئاق پىت تاپاۋالادىكەن. سول تەرەپىدىن قارا پىت تاپاۋالادىكەن. جايىغا ماختۇمجان ماڭادىكەن ئەمدى. بايا قۇتقا ئايتادىكەن: «ئاق پىتتى ئولڭ ئۆزۆڭە تاشلاغىن، قارا پىتتى سول ئۆزۆڭە تاشلاغىن! شۇنداق ئاق پىت ئاق قوڭۇرچاق، قارا پىت قارا قوڭۇرچاق بولۇپ ئۇنۇپتۇ.

ماختۇمجان ئۆيگە كېلىپ گۆش پىشرىپ ئولتۇرۇپتۇ، قازانغا گۆشنى جىغقىنا سالىپ. ئۇقۇتقانى گۆش پىشقانغا ئۆلگۈرۈپ كېلەدىكەن. ئۇ قۇتقا گۆشنى ئارىغ يېپ ئۇستۇخاننى قويۇپ كېتەدىكەن. ئۇ قۇتقا ماختۇمجاننى باسىپ ئالىۋ ئىكى ياڭاغىدىن قاننى شوراۋ ئالىپ ئىچەدىكەن. ئادەم بەئۇش بولۇپ جىقىلىپ ياتادىكەن. ئاندىن زىزە ئاكىسى كېلىدىكەن. ئاكىسى قاراپ تۇرۇپ: «ئۆكەم، ئاجاپ رەنگى روئۇشاڭدىن كېتىپسەن؟ ــ سوراپىدىكەن، ــ نېمە بولدۇڭ؟

ــ ئۆلۈم گۇناھىمدىن ئۆسسۆڭ، ئايتامەن.

ــ ئۆلۈم گۇنايىڭدىن ئۆتتۆم، يا ئايت!

ــ ئۆگۆزۆگۆ چىقىپ باشىمى تاراۋالسام، ئوت ئۆچۈپ قالدى. تۆپۆگۆ چىقىپ قاراسام، تاغدىن بىر ئىس چىقىپ كۆرۈندۆ. ئۇ يەرگە باسام، بىر قۇتقا ئولتۇرۇپتۇ ئىكەن. ئۇ قانىمى شورۇۋ ئىچتى!

ــ ماختۇمجان، ماڭاما قىلدىن، ئۆززۈنۆ ما قىلدىن بۇ ئىشنى؟ ئاققولۇم بېرگېن دېيدو ئىكەن ئۆكۆسۆگۆ. ئۇچاخنى كۆلنى تۆكەدىغان يەگە بارىپ خەندەككۆ ئالىپتو.

ــ ئۆكۆسۇنۇ ئورۇنۇ ئىچىدە قويۇپ، چاچنى ئوچۇنۇ تالاغا چىقارىپ قويۇپتو. ئاندىن ئوغا كېتىپتو. بېيابانىدا يۇرىدىكەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ بىر ئاپتا بوغان چاقتا كېپتو. ماختۇمجان ئورۇ ئىچىدا ياتىپ تۇش كۆرۇپتو: بىر ئەسكى ئادەم كېلىۋ ئىزە ئاتقا تۆتۇرۇ مۇندۇرۇپ ئاكېتىۋ يۇرۇپتو.

ــ ئاكېسى كېلگېندىن كېيىن ئاكېسىغا تۇشۇنى يۆرۇپتو: ــ ئاكەم، مەم بىر تۇش كۆيدۇم، تۇشنىڭ ئۇچىدا بىر قان كۆيدۇم! دېپتو ــ بۆك يامان باكەسسەن كاپىر، يولدىن بورۇتۇپ هايدەدى، ئەكەم مەنى! ئاكىسى دېيدو: ــ سەن بىر تۇش كۆيسەڭ، ئۆكۆم، بىر تۇشنىڭ ئۇچىدا قان كۆيسەڭ، ئۆكۆم، قامچىم ئۇچۇدىن قان تامماغۇچى، ئاتامى ئوغلى بولماسمەن. ئۆزۆڭگۆ ئۇسسۇن، قان كېلمەگۇچى! دېپ غادى قىلىپتىكەن. ئۆكۆسۇنۇ يانا ئوراغا سالىپ ئاكاسى تاققا چىقىدىكەن.





باياقى قۇتقانى، يەتتە باشى يالماۋۇز باغاسسەن كاپىرغا شۇنداق دېيدۇكىن: — ماختۇمجان بىر قىز بار ئىكەن، چاچى قىرىق غۇلاچ ئىكەن، ئاغامچى قىسساڭ، مىڭ غۇلاچ چىقىدىكەن، ساڭا لايىق!

نەچچە مىڭ لاشكەر بىلەن ماختۇمجاننى قاشىغا كېلىدىكەن. باقىپ تاپالمايدىكەن. يەتتى ۋاش يالماۋۇز يېرنى بۇراپ يۇرىدىكەن. — ئادەمى تېپە، ئادامى تېپە! بۇ رەيدى يارنى. ئاخىر ماختۇمجاننى تاپاۋالادىكەن. ئاتقا مۇندۇرۇپ ئۇززە ماڭادىكەن ئەمدى. ئىشكى مەڭزىللىك يەگە ماڭغاندىن كېيىن ئاكىسى كېلىدىكەن.

ئۆيگە كېلسە، ماختۇمجان يوق. كېيىندىن قوغلاپ ماڭىپتو. غادە قىغان ئېمەسمو؟ بىر قوناقلىغ يەگە باسا، ئىزى ئۇسسىغراق تۇرۇپتو. — ياقىن يېتتىم مەن ئەمدى! — يانا تازا ماڭىپتو.

ئاققولۇم بىرگىنىي ئاسكىگە يېتىشىپتو. قىرىق كۈن ئاش يوق، سۇ يوق، كېچە-كۈندۈزۈ ئۇرۇش قىپتو. بېگەسسەن كاپىر شۇنداق دېپتو: — ئەكەڭە دېگىن، مېنى ئاسكىرىم تولا ئۆلۈپ كېتتى! ماختۇمجان چىقىۋ زىزە ئاكىسىگە دېيدو: — بىر مېنى ئۇچۇن ئۆلەي دېيمىسىن؟ كاپىر بۇزۇلۇپ كېتەشتى، ئاكە، ئالتۇن جولۇنۇ تاسسىڭا، ئاكە!

ئاققۇلۇم دېيدو: — بىرسېنى ئۇچۇن ئۆلەي دېيمەن، قامچىم ئۇچۇدىن قان تامماغۇچى، ئۇزۈڭگى ئۇسسىن، قان كېلمەگۈچى، ئاتامى ئوغلۇ بولماسمەن! دېپ يانا جاڭغا كىرىپ كېتەدىكەن. يەنە بىر پەللە جان قىلادىكەن. پادشا: — يا، ئاكەڭ ئۆلتۇرەي مو، يا شۇ پىللەدىن ياناي مو؟ شۇنداق دېدىكەن.

ماختۇمجان ئاكىسىغا: — يان، ئاكە!

ئاكىسىدىن سوۋال سورايدو ئىكەن: — يازدىق قونۇلوغۇڭ نە بولسا، قىشتىق قونولۇغۇڭ نە بولا؟ دېيدىكەن.

ئاكىسى: — ياززىن يايلاغىم قاراغاچى، ئۆكەم، ئاندا يوق ۋولسا، ئۆلدى دېگەن؛ قىشىشىن قىشلاغىم جىغداچى، ئۆكۆم، ئاندا يوق ۋولسا، ئۆلدى دېگەن! دېپ خوشلاشىپ كېتەدىكەن. بېگەسسەن ئالىپ ماڭادىكەن جايىغا.

ماختۇمجان بىر ئوغۇل، بىر قىس تۇغادىكەن. باياقى گۆللۆگۆن يېتتى ۋاش يالماۋۇز يانا پەيدا ۋولودىكەن شۇ يەگە. دېيدىكەن: — باشىڭا پىت باقاي!

ئالچاسىغا بىر توخۇي قىسادىكەن. ئونۇ ماختۇمجان

بىلمەيدىكەن. توخۇي قىسىرىۋاغاندىن كېيىن ماختۇمجان: — بۇ جاتراڭ ئىچىدە نېمە ۋا؟ سورايدىكەن. ئۇ قۇتقانى: — سېنىدەك جاللا مۇ، بىز ئاي دېسەك، ئاي ئېمەس، كۈن دېسەك، كۈن ئېمەس، بىزشۇ خاۋالدا چالغانىمىز، ئاتا كۆممۆگۆن، ئانا كۆممۆگۆن، غىتىلجاما كېسەل بوپ قاغان!

ماخۇتۇمجان: — بىز مۇشۇنداق كېسەل بوپ قالامىزمۇ؟ دېپ سورايدو ئىكەن. قۇتقا: — سىلەرمۇ ئاتا-ئانا كۆممۆگۆنگۆ مۇشۇنداق غىتىلجامۇ كېسەل قالاسىلەر! دېيتو.

ماختۇمجان: — مەن قانداق قىلارمەن، بىر ئىمانەت قىسسان! يىغلاپتو ئىكەن. قۇتقا دېيدو: — پاتشا ئوغا چىقادو، سېن تالاغا چىقماساڭ، سېنىنە ۋولدو؟ سورايدۇ. سەن بەگەسسەندىن: — مەن نېچە يىل سېنىڭ قولۇڭدا يۈرۈدۈم، ئاتامدىن قاغان پوغۇمدالىڭى، يو (؟) ئىلقىڭى نېمشقا كۆرسەتمەيسەن؟ مەن ئاتا يوقتانماي تۇغان ئادەممۇ؟ ئانا يوقتانماي تۇغون ئادەممو؟ دە! — پوغومدالدى قۇچاقلاتىپ قويساڭ، قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئىلقىنى ماڭا كۆسۆت دېسەڭ، ئىلقىسنى كۆسۆتۆدۆ. تاۋالۆ كۆزلۈك تەلڭ تاغلات بار، شۇ مۆڭكۆ سۈيىدىن ئالىپ چىقادو! دېپ جاۋاب كۆسوتودىكەن.

ماختۇمجان قۇچاق تاتىپ ئىلقىغا بارادىكەن. بىر پاچا ئات-ئۇلاق كېلىپتىكەن. قامۇشنى يىلدىزى بىلەن ۋاش ۋاشنى يېپ كېلىدېكېن. يانا بىر پاچا ئات كېلەدىكەن، قارىسا: توغراقنى باشنى يېپ، باغ ۋاراقنى ۋاش ۋاشنى يېپ كېلىدىكەن.

شۇنى ئىچىدە بىرغۇلاچ ئېگىز كېلەدىكەن: شۇنداق كەتتە ئات ئىكەن. يېتتە ۋاش يالماڭگۇز ماختۇمجانغا ئات تۇتۇۋ ئالار ئىكەن. ئاتنى مىنىپ توقۇپ مۆڭكۆ سۈيىدىن ئو قاتا چىقتىدىكەن. چىقىپ، ئولتۇرۇپ، باشى كۆزۈنۈ تاراپ ياتتى ۋاش يالمۇڭگۇز يانا پېيدا بولۇدو ئىكەن. بەگەسسەن پوغۇمدالنى قۇچاقتاپ ياتادو.

يەتتى ۋاش يالمۇڭگۇز: — ئاتاڭدىن قاغان پوغۇمدالنى قۇچاقلاپ ياتامسەن، ئاكېسىنىڭ قاشىغا ماختۇمجان ماڭدى! ئۇختاتادىكەن.

بەگەسسەن: — مەن ئۆزۈم ئاپىرىمەن، ئاكەڭ قاشىغا يانىپ كېل، ماختۇمجان! دېيدو ئىكەن. ماختۇمجان: — بالامى سۇغا تاشلاساڭ، ئاندىن چىقامەن! دېيدو ئىكەن. بالانى سۇغا تاشلايدو: — ئەمدى چىق!

— قىزىمى سۇغا تاشلاساڭ!

يېتتى ۋاش يالمۇڭگۇز ئەمدى قۇلنى تۇتۇپ:

قىزىڭگى كۆڭلۈڭگە ئاغا قىلىپ يۈرسەڭ، بومامدو؟

بەگەسسەن ئاتتى مىنىپ ئالىپ راس ماڭادىكەن ئەمدى. ماڭىپ پارىپ بىربۇلاققا تۈشىدىكەن. بۇلاقتا چاي، ماقان ئېتىپ، قوساق كېيىلىپ، ئۇخلاپ قالادىكەن.

تەۋەلى كۆزلۈك تەلڭ تاغلات بېياۋانغا چىقىپ كېتىدىكەن. ئاندىن زەززە ئوقۇپ كېتىدىكان، ئوقۇسىدىن ئويغانىپ قوپسا ئات يوق، ئاتنى ئىزدەي دەپ بارسا، بىر مۇنچە قۇلاللانىڭ قاتىغا كېلەدىكەن. قوشۇق سالىپتو:

تەۋەلەك كۆزلۈك تەلڭ ئاتىم،
تەلڭ بۇلاختا تۇرىدۇ.
چۇرەسىنى مىلڭ قۇلون،
ئانى قاپساپ تۇرادو.

دەپتو. نەزمى سالىپتو ئاتقا. ئات زۇۋان بېرىپتو:

ئاچايلىقتا ئاچايىم،
ئۇساللىقتا ئۇسىدىم.

دەپتو ئىزىمغا يانىپ كېتەمەن، دەپتو.

مەختۇمجان: — مەن ساڭا ئوت، سۇ تاپىپ بېرەمەن! دېپتو ئىكەن. ماختۇمجان بىر كۆزۈنۈ ئويۇپ يەرگە تاشلايدو: بىر بۇلاق بۇلۇدۇ ئىكەن. قارا چاچىنى كېسىدىكەن: كۆپى قىياق بولۇدۇ ئىكەن. تاشلانغاندىن كېيىن ئوت بولۇپتو. ئات تويادىكەن. ئاندىن زىنزە ئاتقا مىنىپ راۋان بولادىكەن. بى يېگە باغاندىن كېيىن بىر قويسۇغۇ ئۇچرايدىكەن. قويسۇدىن خاۋال سورايدۇ ئىكەن. تېنى ساقمۇ، ئۆزى ئوبدانمۇ؟

قويچى: — ئوندان تۇرىدۇ، تېنى ساق! ئامدى بىر سۆڭلوسۇنۇ دېدىدە: — بىر كۆزۈ كۆرمۆس، بىر پۇتى ماڭماس بوپ قادى! دەپتو.

ياڭا ماڭغاندىن كېيىن بىر ئايال كېلىپ، داييادىن سۇ كۆتەرىپ ماڭىپتو ئىكەن، — سېن كېمنىڭ كېنىزىگى، كېمگە قىزمەت قىلىۋاتاسەن؟ دېيدو. ئۇ ئايالغا: سۈيۈڭدىن بىر ئىچىپ قوياي! ماختۇمخان دېيدو. ئىچىدىكەن، ئەلڭ ئۈچىنى چۆگۆنگۆ سالاۋېرىدو ئىكەن. ئاندىن ئىزە ئاققۇلامبەگ كۆزۈنى يۇگىسە، كۆزۈ ساقايىپ قاپتو، پۇتۇمو ساقايىپ قاپتو. ماختۇمجان شۇ سۇ ئاغان يادە قاپتو. ئاققۇلام بېرگېن ماختۇمجاننى ئىزداپ كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن كۆگوننىڭ كېيىن ئىككىلەرى خاۋاللاشىپ قالدو، مەممو ماتىياز قارى، ئويماڭ كۆلگۆ يانىپ كېلەمەن.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتى)

# ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا مەركەزلەشكەن ماقال - تەمسىللەردىكى قىممەت قاراش توغرىسىدا

شەرىپە ئابدۇغوپۇر



ئالتۇن «مېتاللار شاھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، پارقىراق ۋە كۆركەم، زىچلىقى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئۇستۇن، ئاسانلىقچە خىمىيىلىك رېئاكسىيەگە كىرمەيدىغان، ئوكسىي ئېرىمەيدىغان، ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا بولىدىغان مېتال①. شۇڭا ئالتۇن، پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان قىممەت باھالىق، يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلارنىڭ بىرى. ئالتۇن تاغلىق رايوندا ياشىغۇچى ئەجدادلار تەرىپىدىن بايقالغان. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە ھاياتلىق ئۈچۈن تەبىئەتتىن تەبىئىي ئوزۇقلۇقلارنى يىغقان بولسا، تەدرىجىي ھالدا تاغلىق رايونلاردىكى ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، قاشتېشى قاتارلىق يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلارنى بايقاپ، ئۇنى قېزىپ ئېلىپ، ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتىن باشقا كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىللە ئالتۇن ۋە قاشتېشى قاتارلىق بۇيۇملارنى بايلىق-مەرتىۋىنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىپ قادايدىغان ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ۋە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ئالتۇننى ھوقۇق-مەرتىۋىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئارۇست رايونىدىكى ھۇن قەبرىستانلىقىدىن ئالتۇندىن ياسالغان تەگرىقۇت تاجىسى تېپىلغان. «كونا تاڭنامە. غەربىي روڭلار تەزكىرىسى. كۇسەن ھەققىدە»دە كۇسەن خانى ئالتۇن كۆزلۈك كەمەر تاقاپ، ئالتۇندىن ياسالغان شىر سۈرەتلىك دىۋاندا ئولتۇرىدۇ دېيىلگەن②. تەتقىقات

نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۈزۈكنى ئۆزىنى
يورۇقلۇقتا ئېلىپ چىقىدىغان ئەڭگۈشتەر دەپ قارىغان.
مۇشۇ سەۋەبلىك شاھ-ۋەزىر ۋە پۇلدارلار ئىنتايىن ئېسىل
ھەم كۆركەم ياقۇتلار بىلەن ئالتۇن-كۈمۈشتە ئۈزۈك
سوقتۇرۇپ، ئۇنى چىمچىلاق بارمىقى ياكى نامسىز بارمە-
قىغا تاقاپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى ۋە گۈزەللىكى-
نى نامايان قىلغان. شۇڭا زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ئىنسان-
لار مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل بولغان مەدەنى-
يەت ئامىلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان تارى-
خىي باسقۇچتىكى مەدەنىيىتى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، گۈ-
زەللىك قارىشى ۋە قىممەت ئېڭىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. بۇنىڭدىن بىز ئالتۇندىن ئىبارەت بۇ قىممەت باھالىق
ۋە ئەتىۋارلىق جاۋاھىرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ناھايىتى
مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
بىراق بىزدە ئالتۇننىڭ زادى قاچاندىن باشلاپ ئىشلىتى-
لىشكە باشلىغانلىقى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بولمىسىمۇ،
ئەمما ئالتۇن ئىشلىتىش تارىخىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى
بەزى يازما تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىل-
مىلار ئارقىلىق ئېنىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. مەسى-
لەن، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ چارلاش-
قېزىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ۋە يولداش ۋۇيۈنەننىڭ
«شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى»نىڭ 1994-يىل 3-سانىدا
ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان سەنئىتى»
دېگەن ماقالىسىدە: «ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 20
نەچچە مازار خارابىسىدىن بىر قىسىم ئالتۇن-كۈمۈش جابى-
دۇقلار قېزىۋېلىندى، بۇ مازار خارابىلىرى ئاساسەن
ئالتاي، بورتالا، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، نىلقا، ئۈرۈمچى،
تۇرپان، پىچان، قومۇل، قاراشەھەر، ئاقچى، كىروران قا-
تارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. بۇ ئالتۇن-كۈمۈش جابى-
دۇقلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7-، 8-ئەسىردىن يۈئەن،
مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان»
③، دەپ قەيت قىلىنغان. تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل قەدىم-
كى قەبرىلىرى، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە توقسۇن ناھىيە-
سىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن ئاخى-
رەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا: ياغاچ تارغاق، بىرونزىدىن يا-
سالغان بۇيۇملاردىن جۈپ ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بې-
زەكلەر، كىچىك بىرونزا كۆزگۈ، بەلباغ-كەمەر بېزەكلى-
رى، ئالتۇن-كۈمۈش بېزەكلەر، ئالتۇن بىلەزۈك، سۆڭەك-
تىن ياسالغان بۇيۇملاردىن بىگىز، تارغاق، ئۆرچۈك قاتار-
لىقلار، بىر قىسىم رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار (كىيىم-كېچەك
پارچىلىرى، يۇڭ پالاس) يىپەك توقۇلما پارچىلىرى تېپىل-
غان④.

دېمەك، بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆز زاما-
نىسىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن
باشقا، مېتاللاردىن قورال-سايمانلارنى، زىننەت بۇيۇملى-
رى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى بىلگەن.

تارىخشۇناس سىماچيەن يېزىپ قالدۇرغان «تارى-
خىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى»-
دە: «ئۆلۈكنى ئۇزاتقاندا قەبرىگە ئالتۇن-كۈمۈش جابى-
دۇقلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن قويىدۇ»⑤، دېيىل-
گەن. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە، جۈملىدىن توققۇز جاۋۇپ
ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنىڭ كىيىنىشى، زىبۇ-زىننەتلىرى كۆز
قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ شەكىللەردە بولۇپ، ئۇ خېلى
بىر زامانلارغىچە «ئۆلچەملىك مودا»غا ئايلانغان ھەم
پايتەخت جامائەتچىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن،
ھەتتاكى شىمالىي سۇلالىلەردىن باشلاپ تاكى تاڭ دەۋرى-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت
فورمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقالغان. مەسىلەن،
شۇ چاغدىكى توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ
چاچ پاسونلىرى — يۇمىلاق تۈگۈنچەك، ئېگىز تۈرمە
چاچ، ئارچا-قارىغاي شەكىللىك تۈرمە، يان ماڭلاي،
چېكە ماڭلاي، گىجەك (بۇدۇر) چاچ ۋە ئەشمە چاچ قا-
تارلىقلار بولغان. ئالتۇن ياكى نەقىشلىك قىسقا، پىستان
تارغاق، گۈل قاداق، گۈللۈك تاج، نوھۇل تاج قاداش؛
ھەر خىل جىڭگىلىك زىرە-سىرغىلار، جىڭگىلىك زىرە ۋە
مەيخالىق زىرە، ئۈزۈك، بىلەزۈك، قوڭغۇراقلىق ئاسما
تۇمار ۋە قوڭغۇراقلىق بىلەزۈك، ئاسما مارجان، زۇننار
قاتارلىق زىبۇ-زىننەتلەر ئىشلىتىلگەن. تۇتۇ يازغان
«سۇڭنامە. قۇچۇ تەزكىرىسى»دە: تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىدا... ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن
ئەسۋاب ياسايدۇ، بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەترابى)
لىقلار تېرىسى ئاق، چىرايلىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قولى
گۈل، ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈرلەردىن
ئەسۋاب ياساشقا ماھىر» دەپ يېزىلغان⑥.

دېمەك، دىيارىمىز شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخې-
ئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن-

كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن 2700 يىللار ئىلگىرىلا قۇلاق، بويۇن، كۆكرەك ۋە قوللىرىغا ئاجايىپ كۆركەم، نەپىس ھەمدە سىمۋوللۇقى كۈچلۈك زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، گۈزەللىكنى ھەم كاتتا شان-شۆھرەتنى، ھوقۇق-ئىمتىيازى ۋە بايلىقنى نامايان قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئالتۇننىڭ خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلىنىش تارىخىنىڭ ئۇزاق ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى ئىنسانلار ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ياشىغان كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، ئىجتىمائىيەت ھادىسىلىرىگە جۈملىدىن ماددىي بايلىقلارغا نىسبەتەن بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلىرى پەيدا بولغان. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە ھاياتلىق ئۈچۈن تەبىئەتتىن تۈرلۈك ئوزۇقلۇقلارنى يىغقان بولسا، كېيىنرەك تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش، تەبىئەتنى مۇۋاپىق بويسۇندۇرۇش داۋامىدا ئالتۇن - كۈمۈش، مىس، ياقۇت، سەدەپ، زۇمرەت، كەھرىۋا، قاشتېشى قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتال ياكى تاشلارنى بايقاپ، ئۇلارنى بايلىق-مەرتىۋىنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن تۇغۇلغان ئەڭ ئىلغار قىممەت قاراشلىرىنى ئالتۇنغا مەركەزلەشكەن قىسقا، ئىخچام ھەم مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ماقال-تەمسىل دۇردانىلىرىگە جەملىگەن. بۇ بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەنمۇ چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا قىممەتلىك مەنىۋى مىراسىمىز بولغان ماقال-تەمسىللەرگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ماكانلاشقان تەبىئەت دۇنياسىدىن بايقاپ ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىبارەت بۇ ماددىي بايلىققا بولغان چۈشەنچىلىرىنى ئىپادە قىلىپ ئىجاد قىلغان ماقال-تەمسىللەرنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى بايقايمىز.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي كۆرەشلىرى، ماددىي مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ تەكرار سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق يەكۈنى. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ياشاش مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئەمگەك بىلىملىرى، ھەر خىل ئىجتىمائىيەت قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن، شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنى، ئىخچام، مېغىزلىق، جانلىق ۋە مۇزىكىدارلىقىغا ئىگە بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشىغا ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**1. ئالتۇن بىلەن قەدىر-قىممەت قارىشى نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

ئالتۇن گەرچە قىممەت باھالىق مېتال بولسىمۇ، بىراق ئىنساننىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى، قەدىر-قىممىتى، ئىززەت-ئابرۇيى بىلەن نىسبەتلەشتۈرگەندە ئالتۇن يەنىلا ئەرزىمەس نەرسىدۇر. شۇڭا ئەقىل-پاراسەتلىك، دانا ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي كۆرەشلىرى، ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئىخچام، ئوبرازلىق، يۈكسەك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان: «ئالتۇن تېپىلار، ئابرۇي تېپىلماس»، «ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن»، «ئابرۇيۇڭنى ئالتۇنغا ئال، جاننى كېپەككە سات»، «ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت»، «سۇغا سالساڭ سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى»، «ئادەم بىباھا گۆھەر»، «ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆزىدە، ئۆزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە»، «ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈل تىنچلىقى ياخشى» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەرنى قالدۇرغان. بۇ خۇسۇستا ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «كىشى ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە، ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز، كۈمۈشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ»⑦ دېگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ماقال-تەمسىللىرى ۋە يازما دۇردانىلىرىدىن بىز ئالدى بىلەن ساغلام بولغان تەنگە، نورمال پسىخىكا ساپاغا، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتكە،

ئېسىل خاراكتېرگە، بايلىق يارىتالايدىغان ئەقىل-پاراسەتكە، ھۈنەر-كەسىپكە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

**2. ئالتۇن بىلەن ئەخلاق نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

ئەخلاق — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە ئەۋلاد تەربىيەسىدە ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۇنيادا مۇكەممەللىككە يەتكەن ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس، بىراق مۇكەممەللىككە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئىنسانلار مەۋجۇت ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە ۋ گ بېلىنىسكىي: «ھېچقانداق ئادەم مۇكەممەل، يەنى تولۇق شەكىللىنىپ بولغان ھالەتتە دۇنياغا كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى ئۆسۈش ۋە دائىمىي شەكىللىنىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن⑧. شۇنداق بولغاچقا ئىنسان تەبىئىتىگە تېخى كەم كۈتسىز، مۇكەممەل بىرەر باھا بېرىلگىنى يوق. بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئائىلە تەربىيەسى، ئاتا-ئانىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر نۇقتىدىن شۇ ئادەم ياشىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئادەم دائىم ساغلام بولمىغان، ناچار مۇھىتتا ياشىسا، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق»، «ئۈلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق»، «تەربىيەڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك مۇقەررەر ھالدا ئەنە شۇ خىل ناچار مۇھىتنىڭ يامان ئىللەت، بولمىغۇر قىلىقلارنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئەجدادلىرىمىز بىزگە: «ئالتۇن ساپ بولماس، ئادەم نۇقسانسىز»، «ئالتۇنغا توپا قونماس، ياخشىلىق ئۇنتۇلماس»، «ئالتۇننى بىلىش ئوڭاي، ئادەمنى بىلىش تەس»، «ئالتۇننىڭ باھاسى بار، ئادەمنىڭ باھاسى يوق»، «ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار»، «ئالتۇن تاقىلىق ئاتمۇ مۈدۈرىدۇ»، دېگەندەك ماقال-تەمسىللەرنى قالدۇرغان. بۇ ماقال-تەمسىللەرگە سىڭدۈرۈلگەن ئىلغار قىممەت قارىشى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە يەنىلا ئازدۇر-كۆپتۇر بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، ئالتۇننىڭمۇ 100% ساپ بولمايدىغانلىقىغا ئوخشىتىلسا يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان قىممىتىنى ئالتۇندىنمۇ ئۈستۈن قويغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە كۈرەش تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان، ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى بىلەن دۆلەتكە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان، ئىنسانىيەتكە نۇرلۇق مەشئەل بولۇپ بەرگەن، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھېچقانداق ئۆزى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ يۈك بولۇپ قالغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان شەخسىيەتچى، چاكىنا، بۆلگۈنچى، ئەخلاقسىز كىشىلەرنى ئالتۇنغا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتكە ھېچقانداق ئىسسىقلىق ئاتا قىلالمايدىغان، تاشلاندۇق داشقالغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ھەقتە دانالىرىمىز يەنە: «پەزىلەتلىك ئادەم گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز ئادەم ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ» دېگەن. شۇڭا بىز ئالتۇننىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئالتۇننىڭ قۇلى بولۇپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

**3. تۇپراق، ئەمگەك بىلەن ئالتۇن نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن تۇپراقنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئېتىقاد «ئادەم ئاتا توپىدىن يارالغان» دېگەن چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان. كاسىپلار ۋە سودىگەرلەر دەسلەپ قىلغان سودىسىنىڭ پۇلىنى توپىغا مىلەپ قويۇپ يانچۇقىغا ياكى غەللىگە سالىدۇ. بۇ «سودامغا بەرىكەت بەرسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇپراق (توپا)نى ئۇلۇغلاش، تۇپراققا ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان ئادەتلەردۇر. شۇڭا خەلقىمىز ئەچىدە: «يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق ئادەم ئۇنىڭدىن ئالۇر ئوزۇق»، «ئالتۇن چىققان يەر قەدىرلىك» دېگەندەك كۆپلىگەن ماقال-تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. دېھقانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەر، سۇ
ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئالدىنقى شەرت. يەر سۇدىن ئاي-
رىلغان ھالدا دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا
تۇپراق ۋە دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئائىت، چوڭقۇر پەلسە-
پىۋىلىككە تويۇنغان ئوي-پىكىرلەر خەلق ماقال-تەمسىل-
لىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «يەر
ئالتۇن قوزۇق، غاجىلاپ يېسەڭ تۈگىمەس»، «بىر
پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە، بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن»،
«سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېھقاننىڭ جېنى»، «ئالتۇن ياتى-
دۇ سايدا، تونۇمساڭ نېمە پايدا»... ئۇيغۇرلار يەر-زې-
مىننى قەدىرلەش بىلەن بىللە دېھقانچىلىقنى، دېھقانچىلىق
ئەمگىكىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى
ئەمگەك — ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل بوۋىقى، ئېسىل مەدە-
نىيىتى ۋە شانلىق تارىخىنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ سەۋەبچى-
سى، ئادەمنىڭ جىسمىنى تاۋلايدىغان، ئىدىيەسىنى پاكلاي-
دىغان بەيگە مەيدانى. ئەمگەكسىز جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيا-
تى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى بولغان ئەمەس.
دېمەك، ئىنسانىيەت تارىخى توختاۋسىز كۆرەش قىلىشتىن،
ئىزدىنىشتىن، جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا باش ئەگمەي دا-
ۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن، ئەجىر-مېھنەتتىن ھاسىل بو-
لىدۇ. مېھنەتنى، مېھنەت قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم ھېچقان-
داق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈ-
شىنىپ يەتكەن خەلقىمىز: «ئەجىر قىلساڭ تاغدىن قاشتې-
شى چىقىدۇ»، «ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر، ئادەم ئەمگەكتە»،
«ئارپا-زاغرا ئاش ئىكەن، ئالتۇن-كۆمۈش تاش (ئىكەن
)»، «ئاش ئۇزۇق، ئالتۇن قوزۇق»، «ئالتۇن چىقىدۇ
يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن» دېگەن ماقال-تەمسىللەر-
نى بىزگە مىراس سۈپىتىدە قالدۇرىدۇ. خۇددى مۇھەممەد
ئىمىن خىرقىتىنىڭ: «نىيەت ئەمگەك بىلەن بارلىققا كېلى-
دۇ، ئالتۇن بوتا ئىچىدە ساپ بولىدۇ» دېگىنىدەك ھەقى-
قەتەنمۇ ئەمگەك ئىنسانىيەتنى يېتەكلەپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا
ئىلگىرىلەتكەن پاراۋۇز، چۈنكى ھەرقانداق ئۇلۇغ
شۆھرەت ۋە نەتىجىلەر ئەمگەك ئارقىلىق سەھنىگە چىقى-
دۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھاياتنى ئەجىر ۋە
مېھنەت تەرلىرى بىلەن سۇغىرىپ، مىننەت ۋە تەمەدىن
يىراق تۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەمگەك ۋە ئۇنىڭ
شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي مەنىسىدىن تونۇتقان خەل-
قىمىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەرگە يول
ئېچىش نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئۆز ئەمگەك-
لىرى ئارقىلىق ياراتقان. مانا بۇلار خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرى-
نى تاۋلاپ، ئالتۇندىن ئۈستۈن بولغان قىممەت قارىشىنى
ياراتقانلىقىنىڭ يەنە بىر تىپىك نامايەندىسىدۇر.

**4. ئالتۇن بىلەن بىلىم ئۇقۇمى نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

بىلىم كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى، پىكىر قىلىش
ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىدىغان
پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق. شۇڭا يۈسۈف خاس
ھاجىپ: «ھەرقانداق بايلىق تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، بىلىم
مەڭگۈ يوقالمايدىغان بايلىقتۇر، ئۇنى سۇمۇ ئېقىتىپ كېتەل-
مەيدۇ، قاراقچى ئوغرىلاپ بۇلاپ كېتەلمەيدۇ» دېگەن.
ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز بىلىمنىڭ مەنبە-
سىنىڭ مەڭگۈ خورىمايدىغانلىقىنى، بەختكە ئېرىشىشنىڭ
ئاچقۇچى، ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ ئاساسى، نادانلىق،
قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا
ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ
يەتكەن. شۇ سەۋەبلىك بىزگە: «بىلىمسىز قاپاق چۆمۈچ،
بىلىملىك ئالتۇن-كۆمۈش»، «ئالتۇن كېلىدۇ كاندىن،
بەخت كېلۇر پەندىن»، «بىلىم يىغىش ئالتۇن يىغىشتىنمۇ
ئەلا»، «ئالىم — ئالتۇندىن ئەلا، بىلىمسىز ئەما»، «گۆ-
ھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق»، «بىلىمدىن
ئارتۇق بايلىق يوق»، «ئالتۇن چىرىماس، بىلىم خورى-
ماس»، «ئالتۇن ئالماي، بىلىم ئال»، «ساندۇققا ئالتۇن
يىغقاندىن، قورساققا بىلىم يىغقان ئەلا» دېگەندەك پاساھەت-
لىك ماقال-تەمسىللەرنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغان.

دېمەك، ھاياتلىق بىلىم بىلەن ئۆز قەدىر-قىممىتىنى
تاپىدۇ. ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نوپۇزى ئالدىدا كىشىلىك تۇر-
مۇشتىكى ھەرقانداق مال-دۇنيا، ئىمتىياز، ئەمەل-
مەنسەپ، نەسىل-نەسەبمۇ قەدىرسىز. شۇڭا بىز بىلىم-مە-
رىپەتنى ئۇلۇغلاپ، بىلىم ھېكمەتنى بايلىق دەپ تونۇيدى-
غان ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلى-
شىمىز كېرەك.

**5. ئالتۇن بىلەن ۋاقىت نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

ۋاقىت — ھەر بىر ئادەمنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.
ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىتنىڭ ھەر بىر قەدىمى يېڭى بىر ھايات،

يېگى بىر باشلىنىش، ئادەم ھاياتىمنى ھەقىقىي مەنىلەرگە
ئىگە قىلىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ۋاقىتنىڭ چۇلۋۇرىنى
مەھكەم تۇتۇشى كېرەك. ۋاقىت تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ،
ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان تاغ سۈيىگە ئوخشايدۇ. ۋا-
قىتنى ئالتۇن بىلەن نىسبەتلەشتۈرگەندە ئەلۋەتتە ۋاقىت
ئالتۇندىنمۇ قىممەت. چۈنكى ئالتۇن قانچە قىممەت بول-
سىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقنى
ۋە قولدىن كېتىپ قالغان ۋاقىتنى، پۇرسەتنى، پايدىلىق
شارائىتلارنى قايتىدىن سېتىپ ئالغىلى، قايتۇرۇپ كەلگىلى
بولمايدۇ. شۇڭا خەلقىمىز «ۋاقىت ــ ھايات، ۋاقىت ــ
مەۋجۇتلۇق»، «ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەت»، «ئالتۇن
بىلەن ۋاقىت تېپىلماس، ۋاقىت بىلەن ئالتۇن تېپىلار»
دېگەن ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ۋاقىتنى قەدىرلەشنىڭ تەخىر-
سىز مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا
قويىدۇ. بۇ خىل ئىلغار چۈشەنچە بىزنى ئۆمۈرنىڭ ھەر
بىر مىنۇت دەقىقىلىرىنى قەدىرلەشكە، ھاياتنىڭ ھەر بىر
مەۋسۇملىرىنى مەنىلەر بىلەن بېزەشكە، ئۆمۈر كۆچىتىدىن
ئەلگە شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ئىل-
ھاملاندۇرىدۇ. شۇڭا دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرىنى توغرا
تۇتۇپ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا، ۋاقىت ئالتۇننى
يارىتالايدۇ. ئەمما ئالتۇن مەڭگۈ ۋاقىتنى يارىتالمايدۇ.
ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئۇنىڭ قايتقىنى
يوق» دېگىنىدەك، ئادەمنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن
قىسقا ھەم قىممەتلىك. بەھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلار
مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇ كىشىلەرگە خۇددى «تۆمۈر-
نى قىزىقىدا سوق» دېگەندەك پايدىلىق پۇرسەتلەرنى
چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش
لازىملىقىنى، ئەگەر پايدىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ
قويسا خۇددى «ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى» دېگەنى-
دەك ئۆمۈر گۈلشىنىنىڭ خازان بولىدىغانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ
قىممىتى بولسا ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئۆچمەس ئىز
قالدۇرۇشتا ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنيادىكى قىسقا ھاياتتىن ئۈ-
نۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىشى، شۇنداقلا
ھەر بىر كۈن، ھەر بىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ ئىنسانىيەت
جەمئىيىتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق
يارىتىشى كېرەك.

**6. ئالتۇن بىلەن ۋەتەن ۋە يۇرت ئۇقۇمى نىسبەت-**
**لەشتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللەر**

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالدى بىلەن بىر تارىخىي ئۇقۇم.
چۈنكى ئۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەر-
يانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك
ھەر بىر تارىخىي شارائىتتا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە روھتا،
شۇ كىشىنىڭ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلى-
قى، ۋەتىنىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە بولغان كۆيۈنۈش
ھېسسىياتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىم-
دىن تارتىپلا ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆ-
كۈلگەن ئانا زېمىننى قەدىرلەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى،
ئەل-يۇرتنى قوغداشنى، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى
ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دەپ قاراش بىلەن بىللە
ۋەتەن ئەل-يۇرتنىڭ بايلىقتىن ئەۋزەللىكىنى: «ئەل ئىچى
ئالتۇن بۆشۈك»، «ئالتۇن-كۈمۈش چىققان يەردىن، تۇ-
غۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ياخشى»، «تۇغۇلغان يەرنىڭ
تېشى گۆھەر، سۈيى كەۋسەر»، «ئالتۇن يەردىن چىقىدۇ،
باتۇر ئەلدىن چىقىدۇ»، «ئالتۇن قەپەستىن، تىكەنلىك
ئۇۋا ياخشى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق يۇ-
رۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پەقەت ئۆزى ئۈ-
چۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەل-يۇرت ئۈچۈن ياشاشنىڭ ھە-
قىقىي ئىنسانىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى «ئاتاڭنىڭ بالىسى
بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول»، «ئۆز ئېلىڭنى ئۇنتۇما،
شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما»، «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس»، «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كېچە-كۈندۈز غېمىنى يە» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەردە
روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئويلىمى-
غان ئادەم ئۆزىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئىنسانىيەت دۇنيا-
سىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئۇلۇغۋار ئادەملەر ۋە باھادىر
ئەزىمەتلەر ۋەتىنىنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قە-
لىنغان كۈرەش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان «چىن تۆمۈر باتۇر»
چۆچىكىدىكى چىن تۆمۈر باتۇردىن ئىبارەت ئۆز خەلقى
ۋە ئېلىنى موڭغۇل باسمىچىلىرىنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىدىن
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغان
ھەم كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى بىلەن نەچچە ئەسىردىن
بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ خەلقىمىزنى، ياشلار-ئۆس-

مۇرلەرنى تەربىيەلەپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئۇبرازدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «سادىر پالۋان»، «ئابدۇراخمان خان غوجا»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان قوشاقلار ۋەتەن-خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى مۇقەددەس بىلگەن، ئەل-يۇرتنى قوغداش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قان، ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان مىللىي قەھرىمانلىرىمىزغا ئاتالغان تەسىرلىك مەدھىيەنامىلەردۇر.

ئاتا-ئانىلارغا بولغان مۇھەببەتتىن قالسىلا، ۋەتەن مۇھەببىتى، يۇرت مۇھەببىتى ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئەڭ بۇرۇن مۇجەسسەملەنگەن مۇھەببەتتۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىبارەت بۇ جاۋاھىراتلار ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق بۇيۇم بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ھەممىگە قادىر، ئالىي نەرسە دەپ قاراپمۇ كەتمىگەن. خەلقىمىز ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك، كۆكسى-قارنى كەڭ، كۆزى توق كىشىلەرنى «ئالتۇنغىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئادەم» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىگەن. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى ماددىي بايلىق بولماستىن، بەلكى ئىنسان ئېڭىدا شەكىللەنگەن ماددىي بايلىقنىمۇ قىممەتلىك بولغان ۋەتەن ئېڭى، ئەمگەك سۆيۈشتەك روھ، بايلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقتەك ئېسىل پەزىلەت، بىلىم-ھېكمەتنى ھەقىقىي بايلىق دەپ تونۇيدىغان يۈكسەك ئاڭ بولغاندىلا ئىنساننىڭ قىممىتى ئارقىلىق بايلىقنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىدىن چىقىرىلغان ئەقلىي خۇلاسىسى.

ئىزاھلار:

①، ② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 7-ئاي نەشرى، 166-، 172-بەت.

③ مۇھەممەد يۈسۈپ، بىلىقىز مۇسا ھاجى قەشقىرى: «ئۇيغۇرلاردا ساقلانغان يادىكارلىقلار»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2008-يىل 10-ئاي نەشرى.

④ ئابدۇقېيىم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 4-ئاي نەشرى، 21-بەت.

⑤ ھاجى ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى، 97-بەت.

⑥ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 7-ئاي نەشرى، 168-بەت.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» (2)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1983-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 286-بەت

⑧ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 10-ئاي 1-نەشرى.

⑨ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «ياشاش مەنتىقىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 3-ئاي نەشرى، 40-، 195-بەت.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «ياشاش مەنتىقىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 3-ئاي نەشرى، 19-بەت.

ۋېل ۋورونتسوۋ: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، (ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمە قىلغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل 6-ئاي نەشرى.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن، ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998-يىل 2-ئاي 2-نەشرى، 44-بەت.

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 10-ئاي 1-نەشرى.

ئادىل مۇھەممەد، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ئەقىل-پاراسەت ھەققىدە ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2008-يىل 9-ئاي 2-نەشرى.

ئىبراھىم ئالىپتېكىن تۈزگەن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 35-بەت.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «ياشاش مەنتىقىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 3-ئاي نەشرى، 71-بەت.

ناپولېئون خېئول: «ۋاقىتنى قەدىرلەڭ، ئىسراپ قىلماڭ»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 1-بەت.

ئادىل مۇھەممەد، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ۋەتەن ھەققىدە ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2008-يىل 9-ئاي 2-نەشرى، 22-بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مۇھەممەد رەھىم تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 1-ئاي نەشرى.

2. «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 1-، 2-قىسىم.

3. «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھاتلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 1-نەشرى.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇرلارنىڭ هازا ئېچىش ئادىتى توغرىسىدا

مەنسۇرجان تۇرسۇن

ئۆلۈم ــــ ئىنسان هاياتىنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى، تەبىئىي ۋە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان رېئاللىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى مىللەتلەر ئۆلۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، قايغۇ-ھەسرەتلىك، سىرلىق ھادىسە دەپ قاراپ ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت-ئابرۇيىنى، ئۆزلىرى بىلەن مەڭگۈ جۇدالىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ھەمدە ئۆزلىرىگە تەسەللى تېپىش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك ئۇزىتىش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلغان. ئەمما ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، جەريانى ھەر بىر مىللەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

«ھازا» ئەسلىي ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا: «ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن ئادەم ئۈچۈن قىلىنغان يىغا-زار، ماتەم، تەزىيە»① دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ مەئىشەتلىك زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆلۈمنى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق چۈشەنگەن، شۇ ۋەجىدىن ئۆز قەلبىدىكى كۈچلۈك ھەسرەت-نادامەتلىرىنى ياكى شادلىقلىرىنى ردىتملىق ناخشا-قوشاقلار ئارقىلىق ئاشكارا بايان قىلىپ، باشقىلار بىلەن قايغۇ-ئازاب ۋە خۇشاللىقىنى تەڭ بەھرىلىنىشنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ئۆلۈم-يېتىم، ماتەم-مۇراسىملاردا قوشاق قېتىپ، ھازا ئېچىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەدىردانلىرىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ياد ئېتىش، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ئايرىلغانلىق ھەسرەت-پىغانلىرىنى ئىپادىلەش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

### 1. ھازا ئېچىش ئادىتىنىڭ تارىخى

ھازا ئېچىش ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەت. گەرچە غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردىكى ھازا ئېچىش ئادىتىنىڭ زادى قاچاندىن باشلاپ رەسمىي پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىزدە ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئەمما ھازا ئېچىش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرىغا ئائىت بىر مۇنچە تارىخىي يازما ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن بىرى بولغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلى-

www.uyghurkitap.com



رى»نىڭ 247-جىلدىدا: ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئالاھىدە
توختىلىپ: «قاغان ئۆلسە خوتۇنى بىلەن دەپنە قىلاتتى.
مۇسىبەت بولغاندا ئات، كالا ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ
ئۆتكۈزەتتى. ئۆلۈك ياتقان چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىناتـ
تى ۋە پىچاق بىلەن چېكىسىنى تىلىپ، قان-ياش ئاققۇ-
زۇپ، ھازا قىلىشاتتى» ② دېيىلگەن بولسا، «كېيىنكى
خەننامە» 49-جىلدىدا «گېلىڭ بېگىنىڭ تەرجىمھالى»دا:
«يۇڭيۈەننىڭ 3-يىلى (91-يىلى) ھۇنلار گېلىڭ بېگىنىڭ
ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن
ئەلنى يىغا-زار قاپلىدى. بەزىلەر يۈزلىرىنى تىلىشىپ قان
ئاققۇزدى» ③. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا،
ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ يۈزىنى تىلىپ ھازا ئېچىش ئا-
دەتلىرى بولغان، بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە» 195-جىلدىدا:
«ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «چيەنيۈەننىڭ 3-يىلى
(759-يىلى) كۆل بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ خا-
نىشى نىڭگو مەلىكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىنى
تىلىپ ھۆكىرەپ يىغلىغان» ④، دېگەن خاتىرىلەر قالدۇ-
رۇلغان. «يېڭى تاڭنامە» 21-جىلدىدا: «تۇۋالار ئۆلۈپ
كەتكەنلەرنىڭ جەسىتىنى ئۆكەككە سېلىپ تاغ كامارلىرىغا
قويۇپ قوياتتى ياكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قوياتتى. ئۆلۈمـ
نى ئۇزاتقاندا ئۇن سېلىپ يىغلايتتى. ئۆلۈمنى، بۇ جەھەتتە
تۈركلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى دېيىلگەن ⑤.
«موڭغۇل تاتار خاتىرىلىرى»دە: «موڭغۇللار ئاق تاتار-
لاردۇر»، ئۆزلىرى سىپايىرەك، باشقىلارغا ياخشى مۇئامـ
لىدە بولۇشقا ۋە ۋاپادارلىققا ئادەتلەنگەن. ئاتا-ئانىسى
قازا قىلغاندا يۈزىنى تىلىپ يىغلىشىدۇ» ⑥. «بۈيۈك
جىن دۆلىتى تەزكىرىسى» 39-جىلدىدا: جورجىتلار
«يېقىن بۇرادەرلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋاپات
بولسا، پىچاق بىلەن پېشانىسىنى تىلىپ يىغلايدۇ، ياشلىرى
بىلەن قانلىرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇنى قان -
ياشلىق ئۇزىتىش دەپ ئاتىشىدۇ» ⑦. سۇي سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەنزۇ سەيياھ خۇي سېلىڭ
يازغان «لوياڭدىكى ساڭرامىلار خاتىرىسى»نىڭ 5-بابىدا
ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكىدە «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى كۆيـ
دۈرۈلۈپ كۈلى يەرگە دەپنە قىلىنىدىكەن، ھازىدارلار
ماتەم ھېسابىغا چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلايدىكەن.
پەقەت پادىشاھنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلمەي تاۋۇتقا سېلىـ
نىپ يىراق داللارغا دەپنە قىلىنىدىكەن. ھەممىشە ئەسلەپ
تۇرۇش ئۈچۈن قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن» ⑧،
دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە شۇەنجۇاڭمۇ تاڭ سۇلالە-
سى دەۋرىدىكى غەربىي غۇزلارنىڭ «يۈزىنى ۋە قۇلىقىنى
تىلىپ، چېچىنى كېسىپ» ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرىدىغان-
لىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارنى بەرگەن⑨. يۇقىرىقىلار-
دىن باشقا يەنە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك ھازا ئېچىش ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى
ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جانلىق شاھىتى بولغان
مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن ئېنىق كۆرۈۋالا-
لايمىز. مەسىلەن، «ئورخۇن يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرى»-
دە: «تۈرك ئۈستىدە (ئولتۇرغان ئاتام) بىلگە قاغان (قازا
تاپتى) (؟) ياز بولسا، ئۈستىمىزدىكى (تەڭرى) دۈمبىقى
گۈلدۈرلىگەندەك، تاغدىكى بۇغىلار ۋارقىرىغاندەك (ھۆر-
كىرەپ يىغلاپ) ھەسرەت چېكىمەن. ئاتام خاقان تېشىنى
ئۆزۈم ئورناتتىم»⑩ دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. تۈرك
خاقانلىقىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان
«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شىمال تەرەپ 10-قۇردا كۆل-
تېكىننىڭ جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن ئويۇلغان
مۇنداق بايانلار كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ: «... كۆل-
تېكىن بولمىغان بولسا ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار!
ئىنىم كۆلتېكىن قازا تاپتى، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى. ئەقىل ھوشۇمدىن ئاداش-
قاندەك بولدۇم. زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ)،
ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن⑪، شۇنداق
ئويلىدىم، كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم،
كۆڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزۈمنى باستىم، مەن چەكسىز ھەسرەت-
لەندىم، ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم، باللىرىم، بەگلىرىم،
خەلقىم يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ
ئويلىدىم. تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن قىتان
ۋە تاتابى خەلقىگە (ۋاكالىتەن)⑫ ئۇدار سانغۇن كەلدى.
تابغاچ خاقانىدىن ئىسى لىكەك كەلدى»⑬. ئۇنىڭدىن
باشقا بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى
قوشاقلارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز
ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ماتەم-قايغۇسىنى ھازا قوشاقلىرى
ئارقىلىق تولىمۇ ئەينەن ۋە تەسىرلىك بايان قىلغانلىقىنى
كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن،

ئاق بۇلۇتلار ئۆرلەپ، گۈركىرەپ،
ھەر تەرەپكە قار ياغدۇرار.

ئاپپاق چاچلىق قىرى ئانام.
ھەسرەتلىنىپ ياش ئاققۇزار⑭.

* «قۇتادغۇبىلىك»تە:

6292. «بۇنى ئاڭلاپ ئۆگدۈلمىش ھۆركىرەپ يىغلىدى
تولغىنىپ، بىئارام بولۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتتى.
5029. دۇنيا قاپقىنى تۇرۇپ، قۇللۇق تونىنى كىيدى،
ئاسمان شەيتان يۈزىدەك ئۆڭۈپ قارايدۇ.
6340. ئۆگدۈلمىش بىر نەچچە كۈن ھەسرەت چەكتى،
بۇ قايغۇلىرى ئۆتۈپ، چىرايى ئېچىلدى»⑮.

دەپ يېزىپ، ھازا ئېچىش ئادەتلىرى ھەققىدە بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن ھازا ئېچىش ئادىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**2. ھازا قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار**

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە ھايات-ئۆلۈم ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىسى بويىچە ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش، ھاياتلىقتىكى ياخشىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن يۇرت-جامائەت جەسەتنى ئۇزىتا كۆيدۈرۈپ، ساز چېلىپ ناخشا-قوشاقلار ئارقىلىق مېيىت ئۇزىتىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ ئادەتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ماتەم قوشاقلىرى ئارقىلىق مەرھۇمنى ئەسلەش، سېغىنىش، قايغۇسىنى ئىپادىلەش ۋاستىسىگە ئايلانغانلىقى ئېنىق. بۇ ھەقتە خۇراساندا ياشىغان ئىرانلىق مەشھۇر تارىخچى مۇھەممەد ئىبن خاۋەند شاھ مىرخۇندى تەرىپىدىن يېزىلغان يەتتە توملۇق «رەۋزە تۇسسافا» ناملىق كىتابىنىڭ 1-توم، 23-بېتىدە: «قەدىمكى دەۋردە ناخشا-قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ. ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردە ئۇزاق مەزگىل ساقلانغان»لىقىنى قەيت قىلىدۇ⑯. 19-ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە ئەدىب موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854-يىلى يېزىپ قالدۇرغان «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق بىيوگرافىك ئەسىرىدە: «(كەشلەردە) ئۇل زامانلاردا (يافەس ئوغلى تۈرك زاماندا) ئاتا-ئانىسى، باللىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت-ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرۈۋېتىش رەسمىي (ئادىتى) بار ئىدى»⑰، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. يۇقىرىقى يازما تارىخىي خاتىرىلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازا ئېچىپ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللىنىپ، ئالاھىدە قائىدىلەشكەن ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازا قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋاپات بولغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ھەرخىل بولىدۇ. بۇ ھال ھازا قوشاقلىرى مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازا قوشاقلىرى ئادەتتىن تاشقىرى مۇڭلۇق، ئاھاڭدارلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، قايغۇلۇق ھەم تەسىرلىك، چوڭقۇر مەزمۇنغا تويۇنغان بولۇپ، نەق مەيداندا توقۇلۇپ، ئۆزىگە خاس يىغا ئاۋازى بىلەن ئېيتىلىدۇ. يۇرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ھازا قوشاقلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مېيىتنى ئۇزىتىشقا قاتناشقان ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلەر ۋە ئەل-جامائەت كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغۇچى سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرگەن باھادىر شاھ، سەركەردىلەر ياكى قانلىق جەڭلەردە ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، ئەل-يۇرتنى قوغدىغان ئەزىمەتلەر بولسا، پۈتۈن يۇرت-مەھەللە ئۇنىڭ ئېسىل خاراكتېرىنى، شۇنداقلا مىللەت ۋە خەلققە قوشقان تۆھپە-ئۆتۈقلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. بۇ ھەقتە بىز ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن مەرسىيەنامىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئىراقلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئېلىنى قوغداش يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان تۇران شاھى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان قايغۇلۇق مەرسىيە نامىلەرنىڭ (ھازا قوشاقلىرىنىڭ) بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ ؟
ئەرسىز ئاۋۇن قالدىمۇ ؟
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر⑱.

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەڭزى يۈزى سارغارىپ،
كۆركەم ئاڭار تۇر تۇلۇر[19].

(يەشمىسى: خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا. بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى، قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى. مەڭزى يۈزى سارغايدى،

خۇددى زەپىران سۈركەلگەندەك بولدى.)

يۇقىرىقى قوشاقتا قەھرىمان شەخسلەرگە سېغىنىش، ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقى ۋە ۋاپاتىدىن چوڭقۇر قايغۇرۇش ھېسسىياتى ئىنتايىن تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭا ۋاپاتىغا بولغان ھەسرەت قايغۇسى خۇددى بەگلەرنىڭ ئېتى ھېرىپ، قايغۇدىن چىرايلىرى زەپىران سۈرتكەندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە چوڭقۇر ئېچىنغان ئەرلەرنىڭ قەبىلىنى ۋەھىمە لەرزىگە سالغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

ئۇلىشىپ ئەرەك بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئورلايۇ،
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،
سىقتاپ كۆزى ئۆرتۇلۇر[20].

(يەشمىسى: ئەرلەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ بۆرىلەردەك ھوۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى؛ بەزىدە مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ، پەرياد چېكىشتى). قاتمۇقات مىللىي، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان، خەلق ئىچىدە زور تەسىرگە ۋە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە مۆتىۋەر زات ياكى قەھرىمان تارىخىي شەخسلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇق نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان مەرسىيەنامىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن ئابدۇراخمان خان غوجانىڭ شەنىگە بېغىشلانغان يۇقىرىقى مەرسىيەنامىدىن باشقا يەنە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى سېيىت نوچى ۋە تۆمۈر خەلپە توغرىسىدىكى مەرسىيەنامىلەر داستان تۈسىنى ئالغان بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە سىياسىي كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىلغار ئىدىيەدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش، تۆھپە قوشۇش روھى بايان قىلىنغان ياكى ئادەتتىكى ئاددىي شەخسلەرنىڭ ۋاپاتىغا سەۋەب بولغان فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇقادىر داموللا سۈيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ قولىدا تەلىم ئېلىۋاتقان تالىپلىرى قوللىرىغا ھاسا تۇتۇپ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىپ «ئاھ ئېيست»، «ۋادەرىخا» دەپ ئۇستازىدىن ئايرىلىش ئازابلىرىنى بەدىئىي تۈستە جانلىق، تەسىرلىك مەرسىيەنامىلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغان.

ئېتىلىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
داموللامغا دەيۈزلەر
قەست قىلالماس، دەپتىمىز[21].

خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ئامىنەم» ناملىق قوشاقتا بولسا:

ئامىنەممۇ-ئامىنەم،
لايغا پاتقان ئامىنەم.
ئاناڭ يىغلاپ دەردىڭدە،
قوشاق قاتقان ئامىنەم.

ھوشسىز بولۇپ يىقىلدىڭ،
كۆز ئالدىمدا ئامىنەم.
سەلەپ سۇدا ئاققىنىڭ،
بار يادىمدا ئامىنەم.
كەچمىشلىرىڭ بولسۇن ئايان[22].

يۇقىرىقى قوشاق ئازادلىقتىن بۇرۇنقى بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىدە ئاپەتكە ئۇچراپ، قازا قىلغان ئامىنەمنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن توقۇلغان مەرسىيە قوشىقى بولۇپ، بۇ قوشاقتا ئانىسىنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت-پىغان كۈچلۈك ئازاب ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئاتا-ئانىلار ئائىلە باغچىسىنىڭ باغۋەنى، ئىنسانىيەت

ئالەمنىڭ نۇرلۇق قۇياشى، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ پۈتمەس-
تۈگىمەس بۇلىقى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە سىڭدۈرگەن
بىھېساب ئەجىر-مېھنىتى، تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ قىممىتىنى
مال-دۇنيا بىلەن ئۆلچەپ بەرگىلى، تىل بىلەن تەرىپلەپ
تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلەرگە نىسبە-
تەن ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇلار ئۈچۈن
تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بىراق بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئىنساننىڭ ئارزۇ ۋە ئىرادى-
سىگە باقمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى
ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجىر-مېھنىتىنى ۋە ئۇلاردىن ئاي-
رىلغاندىن كېيىنكى مۇشكۈلاتلىرىنى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك
بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالمىغانلىقىدەك پۇشايمان، ئۆكۈ-
نۈشلىرىنى قوشاقلارغا قېتىپ ھازا ئېيتىش ئارقىلىق باشقى-
لارغا ئاتا-ئانىلارنىڭ قەدرىگە يېتىشكە بېشارەت بېرىدۇ.
مەسىلەن،

ئاھ باغرى يۇمشاق، ئانام،
ئۆزىڭىز ئاچ-توق يۈرۈپ،
بىزنى توق باققان ئانام،
ئۆزىڭىز ھۆل يەردە يېتىپ،
بىزنى قۇرۇقداپ باققان ئانام ...!
ئۇلۇغ-ئۇلۇغ كەلگەن سۇ،
ئاقىدۇ تارام-تارام.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
نەگە كەتتىڭىز ئانام؟(23)

پەرزەنت ئائىلىنىڭ شادلىقى ۋە بەختى. ئاتا-ئانىلار-
نىڭ يۈرەك پارىسى، بارلىقى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئىنسا-
نىيەت جەمئىيىتىدە ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتى-
دەك يېقىن مۇناسىۋەت بولمايدۇ. پەرزەنتلەر يورۇق دۇن-
ياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا ئاتا-ئانىلار پەرزەنت
ئۈچۈن ياشايدۇ. پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرى پەرزەنت
ئۈچۈن بولىدۇ. ناۋادا ئەنە شۇ نارەسىدىلەر تەبىئىي ئا-
پەتلەر ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەختسىزلىككە
ئۇچرىسا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى پەرزەنتلىرىدىن ئايرى-
لىپ قالغانلىق جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى-
نى كۆچلۈك ئازابلىق ھېسسىيات ئىچىدە ئوبرازلىق بايان
قىلىدۇ.

يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام
ھاياتىمنىڭ پانۇسى بالام.
ئېچىلماستىن توزىدىڭ غۇنچە،
ئاناڭ قانداق قىلغۇسى بالام.

پىراقىڭدا جان قوزام
ئاتاڭ تىنىماي ئاھ ئۇرار.
ئاخىرەتتە خۇدايىم،
مۇرادىڭغا قاندۇرار(24).

نەق مەيداندا توقۇلغان بۇنداق ھازا قوشاقلىرى ئۇ-
زۇلمەي بىر قانچە كۈن، ھەتتا 40 نەزىرسىگىچە داۋاملى-
شىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە ئەزالىرى
ۋە ئەل-جامائەت ئېغىر مۇسىبەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ.

قان-قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارانلار-
نىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ
ئېغىر ئازاب. شۇڭلاشقا خەلقىمىز ۋاقىتسىز ئايرىلغان قې-
رىنداش، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى سېغىنىش، ئەسلەش ۋە
ھىجران ئازابلىرىنى يىغا-زار شەكلىدە كونكرېت ۋە تە-
سىرلىك بايان قىلىشنى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

كىچىك بالا ئۆلۈپ كەتسە يەنە تۇغۇلار قېرىندىشىم!
دەل-دەرەخ قۇرۇپ كەتسە قايتا سالغىلى بولار قېرىندىشىم!
ۋاي ئاكا (ئاچا) جانجىگەر قېرىندىشىم!
سىز كەتتىڭىز ئۇ ئالەمگە، نەدىن تاپىمەن قېرىندىشىم!(25)

يۇقىرىقى ھازا قوشاقلىرىدا ئومۇمەن مەرھۇمنىڭ
ھايات ۋاقتىدىكى ياخشى خاراكتېر، خىسلەت-پەزىلەتلى-
رى، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇ-ئەلەم، ئېچى-
نىش ھېسسىياتى، شۇنداقلا مەرھۇمدىن ئايرىلىپ قېلىش
تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلىرى ئىخچام
بايان قىلىنغان.

### 3. ھازا ئېيتىشقا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلىدە ئاتا-ئانا، بىرەر پەرزەنت،
ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداش ياكى يار-بۇرادەرلىرى
قازا قىلسا، شۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغ-
قانلىرى مېيىتنى ئۇزىتىشتىكى بارلىق تەييارلىقلارنى تەرتىپ-
لىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەرھۇمدىن ئايرى-
لىپ قالغانلىقىغا قاتتىق قايغۇرىدۇ. ئۆلگۈچىدىن ئايرىلىشقا
قىيالماسلىق، ئۇنى سېغىنىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر
ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىشپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن
يىغلاپ ھازا ئاچىدۇ. بىراق ھازا ئېيتىشتا ئالدى بىلەن ئۆ-
لۈمنىڭ ۋاقتىغا قارايدۇ. ئەگەر مەرھۇم ئەتىگەندە ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





چۈشتە قازا قىلغان بولسا، ئۆلۈم بولغانلىق خەۋىرىنى دەرھال يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلەرگە يەتكۈزىدۇ. ھازىدارلار قولۇم-قوشنا، مەھەللىدىكىلەرگە ئايرىم خەۋەر قىلماي، ھەممەيلەن ھويلىغا چىقىپ يىغا-زار قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر ماتەم-قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان قوشنىلار شۇ ھامان ئۆلۈم بولغانلىقتىن خەۋەر تېپىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پەتىگە كىرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر مەرھۇم كەچقۇرۇن ياكى يېرىم كېچىدە قازا قىلغان بولسا، ھازىدارلار كېچىنى-كېچە دېمەي يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ۋە مەھەللە-يۇرتتىكى جامائەتكە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئايال ھازىدارلار چوڭراق بىر ئۆيگە ياكى ھويلىغا يىغىلىپ، قارىلىق كىيىملىرى بىلەن قاتار ئولتۇرۇشۇپ، قايغۇلۇق تەسىرلىك قوشاقلارنى قېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتىنى بايان قىلىشىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ھازىدارلار ۋە مەرھۇمنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر قايغۇسىنى ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ياش پەرقى ۋە مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئىشىك ئالدىدا ياكى ھويلىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ، پەتىگە كېلىۋاتقانلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا قوشاق قېتىپ يىغلاپ ھازا ئېچىشقا باشلايدۇ. بىرەر يېقىن كىشىنىڭ قارىلىق كىيىمى كىيىپ ھازىدارلار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈشى بىلەن ھازا ئېچىش باشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇن كەيپىياتى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. قوشاق قېتىپ ھازا ئېچىش مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا يىغا-زارسىز ئۆلۈم ئۇزىتىشنىڭ قىزىقى بولمىغان تويغا ئوخشىتىلىشى بىر خىل ئومۇمىي كەيپىيات تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغلاردا مەرھۇمغا «ھۆ تارتىپ يىغلىمىغانلار كۆيۈمى يوق، باغرى تاش» دەپ قارىلىپ ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا «توينىڭ يارىشىقى نەغمە-ناۋا، ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى يىغا-زار». «تىرىكنىڭ ھۆرمىتى، ئۆلۈكنىڭ ئىززىتى» دېگەن گەپ تارقالغان.

شەرىئەتتە مېيىتنى يەرلىككە قويۇشقا پەقەت ئەرلەرنىڭلا بېرىشى مۇۋاپىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇ سەۋەبلىك ياش قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ياكى مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرى مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، جىنازىنى بەس-بەس بىلەن كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭىدۇ. ھازىدارلاردىن بىر نەچچە كىشى (ئاساسەن ئەرلەر ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلار) تاۋۇتنىڭ ئالدىدا: «ۋاي دادام (ۋاي ئانام)...» دەپ يىغلاپ مېڭىش شەكلى بىلەن ئۆلگۈچى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر جىنازا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگەندە مېڭىشتىن توختاپ، مەرھۇمنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەپ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ، ئولتۇرغانلار ئۆرە تۇرۇپ خوشلىشىدۇ.

ئۆلۈم— ئىنسان ھاياتلىقىدىكى بىر خىل قورقۇنچلۇق ھەم ۋەھىملىك ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق سىگنالغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. گەرچە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر تەبىئىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يېڭىشكە ئۇرۇنغان. ئۆلۈم ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە ياكى يوشۇرۇن مەنىلىك سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ يېقىن تۇغقانلىق ئاياللارغا، ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلارغا تۇيۇقسىز يەتكۈزۈشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. 40 كۈنگىچە ئۆلۈم بولغان ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلمەيدۇ. 40-كۈنى جامائەتكە نەزىر بېرىپ ئەرلەر ساقاللىرىنى ئالدۇرىدۇ. ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ تارايدۇ، چۈنكى مۇشۇ 40 كۈن ئىچىدە ساقال ئېلىش، چاچ تاراش، رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش، نەغمە-ناۋا، كۈلكە-چاقچاق بار يەردە تۇرۇشتىن ساقلىنىدۇ، بۇ ئۆلگۈچىگە ئېچىنىشنىڭ بەلگىسى سانىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا مەرھۇمغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ياكى شۇ كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار «ئۆلۈمدىن قاتتىق كۈن يوق» دەپ قاراپ، ھازىدارلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بەختسىزلىك، قايغۇ-ئەلەملىرىگە تەسەللى بېرىشنى زۆرۈر مەجبۇرىيەت ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يىراق-يېقىندىن كەلگەن پەتىچىلەر، ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلار ھازىدارلار بىلەن بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۈرىلىرىنى تۇتۇپ، قۇچاقلاپ «ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار كۈنلەر»، «قازاغا رىزا، سەۋر قىلسىلا» دەپ، ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتى-

نى پەسەيتىپ، ئەسلىدىكى تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىشكە مەدەت بېرىدۇ. بىراق مۇسىبەتكە كەلگەن پەتچەلەر هازىدارلارنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇۋېلىپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان گەپ- سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

ئادەتتە ئۈچ نەزىرىسى تۆگىمگىچە (بەزى ئائىلىلەردە يەتتە نەزىرىسى تۆگىمگىچە) ئۆلۈم بولغان ئۆيدە تازىلىق قىلىش، تاماق ئېتىش پەرهىز قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ 40 كۈنگىچە شۇ ئۆيدە لەغمەن ئېتىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. چۈنكى خەلق ئارىسىدا «40 كۈن ئىچىدە شۇ ئۆيدە لەغمەن ئېتىلسە، كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ لەغمەندەك ئۇزدراپ كېتىدۇ» دېگەندەك خۇراپىي كۆز قاراشلار مەۋجۇت. شۇ سەۋەبلىك ئۇرۇق- تۇغقان، يېقىن قولۇم- قوشنا ۋە دوست - بۇرادەرلەر يەتتە نەزىرگىچە ئۆز ئۆيىدە تاماق ئېتىپ كېلىپ، شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە هازىدارلاردىن هال - ئەهۋال سوراپ تۇرىدۇ.

دېمەك، خەلقىمىز هازىدارلارنى يوقلاش، بىر- بىردىنى قوللاش، بىر- بىرىگە يار- يۆلەك بولۇش ئارقىلىق ئۇم- ئىناقلىقنى، ئۇيۇشۇشچانلىقنى هاياتلىقتا قىبلىنامە قىلىپ، ياخشى كۈنلەردىلا ئەمەس، بەلكى مۇسىبەت كەلگەن ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىر- بىرىنىڭ قايغۇسىغا يىغلايدىغان، شادلىقىغا ئورتاقلىشالايدىغان، غەمكىن كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىپ، مۇسىبەتكە سەۋر- تاقەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر قاتار ئېسىل ئادەت- ئەنئەنىلەرنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا خەلق ئارىسىدا: «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ»، «ئۆلمىگەنگە سۆز - چۆچەك، ئۆلگەنگە ماتەم»، «ئۆلۈككە يىغلا، تىرىكنى ئاسرا»، «ئۆلگەندە يىغلىغۇچە، ئۆلمەستە سەۋر قىل» دېگەندەك ماقال- تەمسىللەر كەڭ ئومۇملاشقان.

**4. هازا ئېچىش ئادىتىنىڭ بۈگۈنكى ئۆزگىرىش هالەتلىرى**

هەممىمىزگە مەلۇم، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئىپتىدائىي دىنلارغا (تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادچىلىقى)، شامان دىنى، زوروئاستىر دىنى، نىستورىيان دىنى، بۇددا دىنى، مانىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ، هازا ئېچىش ئادەتلىرىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا هايات- ئۆلۈم قارىشىنى چۈشىنىشى قىيىن بولغان، شۇڭا «ئۆلۈم»نىڭ ۋەهىمىلىك، سىرلىق ئالامەتلىرىنى سادda ئانىمىزملىق قاراشلارغا مۇجەسسەملىگەن، يەنى ئادەم ئۆلسە چىرىيدىغىنى تەن، قايتا تىرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنى روه، تەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ دۇنيادا ئادەم قايتا تىرىلىپ، روهى ئەبەدىي ياشايدۇ. ئەلاۋدلىرىنىڭ هەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ روهى ئەۋلادلىرى ياخشى ئىشلارنى قىلسا ئۇلارنى يۆلەيدۇ، يامان ئىشلارنى قىلسا ئۇلارنى «ئۇرىدۇ» ياكى ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ شۇ خىل قىلمىشلىرىدىن «روهى قورۇنىدۇ» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان. شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر ئۆلۈم بولغاندا ئەجدادلارنىڭ روهى قورۇنمىسۇن دەپ مەرهۇمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا يۈزلىرىنى تىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، قۇلاقلىرىنى كېسىپ، قان چىقىرىپ، هۆركىرەپ يىغا- زار قىلىش، چاپاننى تەتۈر كىيىپ، هاسا ياكى تاياق تۇتۇپ هازا قوشاقلىرىنى ئېيتىپ ئۆز قايغۇسىنى ئىپادىلەش ئادىتى بولغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن يۇقىرىقى هازا ئېچىش ئەنئەنىلىرى قىسمەن ئۆزگىرىپ، ئىسلام يېپىنچىسى ئاستىدا مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى قوشاق قېتىپ، هازا ئاچىدىغان يېشى بىر قەدەر چوڭ «هازىچى ئاياللار» بولغان. ئەگەر شۇ يۇرتتا بىرەر كىشى قازا قىلسا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ هازىچى ئاياللارنى تەكلىپ قىلغان. هازىچى ئاياللار مۇسىبەت بولغان ئۆيگە دەرهال يېتىپ كېلىپ، ئۇزۇن توننى تەتۈر كىيىپ، قوللىرىغا هاسا (تاياق) تۇتۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان هازا قوشاقلىرىنى ئۆزگە ئاهاڭدا ئېيتىپ، ئۆلۈم ئۇزىتىشقا قاتناشقانلىقى مەلۇمدۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، هازا ئېچىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە- مۇراسىملىرىدا ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام قىلغان قويۇق مىللىي تۈس ئالغان فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى هېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان ئۆلۈمگە ئېتىبار بىلەن قارىشىنىڭ تەن ۋە روه چۈشەنچىسىنىڭ بەدىئىي مەهسۇلىدۇر. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، شەهەرلىشىش دولقۇنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھازا ئېچىپ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، دائىرىسى مەلۇم دەرىجىدە تارايغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ «ئادەم ھايات چېغىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىش، ئۆلگەندە ئىززىتىنى قىلىپ ئۇزىتىش كېرەك»، «ئۆلۈم يىغىسى بىلەن توي كۈلكىسى بىلەن» دېگەن ئەقىدە-چۈشەنچىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە مەرھۇمغا ھازا ئېچىش ئادىتى تاكى بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ھازا ئېچىش مەيلى قايسى شەكىللەردە ئىپادىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدا ھازىدارلارنىڭ مەرھۇمنى سېغىنىش، ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا بولغان يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ۋاپادارلىقنى ئىپادىلەش، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ياخشى ئويلىنىشتا بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ھازا ئېچىش ۋاپات بولغۇچىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايات-ئۆلۈم ھەققىدىكى ئەڭ ساددا روھىيەت قاراشلىرىنى، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە، داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەنئەنىمىز. شۇڭا بۇ تېما ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئىزاھات:**


① ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر: «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 615-بەت.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، 391-بەت.

③، ④، ⑥، ⑦ سەي خۇڭشېڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» (قۇربان تۇران تەرجىمە قىلغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008-يىل 1-نەشرى، 47-، 48-بەتلەر.

⑤ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 378-بەت.

⑧ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 64-بەت.

⑨، ⑩ تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى: «قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «يۈزىنى تىلىش ئۆرپ-ئادىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002-يىل 2-سان، 74-، 75-بەت.

⑪ مېھراي مەمتىلى: «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر دەپنە مۇراسىملىرىدىكى يۈزىنى تىلىپ ھازا تۇتۇش ئادىتى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995-يىل 4-سان، 40-بەت.

⑫ ئىسمائىل تۆمۈر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 12-ئاي نەشرى، 87-بەت.

⑬ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى) مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1991-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 887-، 717-، 895-بەتلەر.

⑭، ⑮ ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004-يىللىق 4-سان، 61-بەت.

⑯، ⑰، ⑱ بايمەتھاجى راخمان: ««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى ئەدەبىي مىراسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى، 4-ئاي 1-نەشرى، 43-، 44-بەت.

⑲ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 2-ئاي نەشرى، 46-بەت.

⑳ سەلەي قاسىم نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (4)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل 1-ئاي نەشرى، 84-، 85-بەت.

㉑، ㉒، ㉓ ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2011-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 548-بەت


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


(1) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى.

(2) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي نەشرى.

(3) ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي نەشرى.

(4) ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي نەشرى.

(5) ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (ئۆرپ ئادەتلەر)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2008-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى.


(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات كەسپى 2009-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆنچىلىكى



مامۇت قۇربان

ئەجدادلىرىمىز تېرە ئاشلاش ۋە كۆن خۇرۇم ئىشلەشنى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان بولۇپ تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان ھۈنەرلەرنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە ئىران، ھىندىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تېرە ئاشلاش، كۆن-خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىلىرىغىمۇ بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. تارىخنامىلەردە كۆرسىتىلگەن تېرە ئاشلاش، تېرىنى قۇيقىسىزلاندۇرۇپ كۆن-خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان.

ئۇزاق مۇددەت ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار يېرى كەڭ، ئىقلىمى قۇرغاق، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى مۇرەككەپ، قاتناش قولايسىز بولۇشتەك تەبىئىي شارائىتلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئىپتىقاندا ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنىۋى تۇرمۇشىنى قامداش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئاشلىغۇچى ماددا قېتىق ياكى تېرىق ئۇنى بولسا، تېرىنى قۇيقىسىزلاندۇرىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي ماددا ھاك بىلەن گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسى ئىدى. قارا شورنى تېرىنىڭ يۈزىگە سىپىپ قۇرۇتۇپ تېرىنىڭ سېسىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئىشتان-تېرە تامبال بولۇشى مۇمكىن؛ كېيىنرەك تاسما ئورنىغا قوي، تۆگە يۇڭلىرىنى ئېگىرىپ ئۇلاردىن ئېگىن (كىيىم) تىكىپ كىيىش، ئالدى بىلەن بارلىققا كەلگەن. پاختىنى ئېگىرىپ يۇمغاق قويۇش، يۇمغاقنى قوناق ئۇنىدا پاتلاش (پات بېرىش، سۇپەت بېرىش)، ئەلۋەتتە كاناپ، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بىر خىل يۇقىرى تېخنىكىلىق ھۈنەر ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللىرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي سۇ قاچىسى «تۇلۇم» (ساناچ)، سوغا (ياكى ياغاچ چېلەك» بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە تېرىنى ئاشلىغاندىلا ئاندىن ئەيلىگىلى بولىدۇ. تېرە ئاشلاش تېرىنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان بىر خىل خىمىيەۋى جەريان بولسا، تېرە ئەيلەش — تېرىنى يۇمشىتىپ ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل مېخانىكىلىق جەرياندىن ئىبارەت. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا تېرە ئاشلاش ئۇيغۇرلاردا مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە ئومۇملاشقان ۋە ئائىلىۋى ھۈنەرگە ئايلانغانىدى. تېرە ئەيلەش — تېرىنى يۇمشىتىشنى ئاساس قىلىدىغان، مەلۇم دەرىجىدە تېخنىك تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاشلانغان تېرە، كۆن-خۇرۇمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەنگەن ئۆتۈك، چوقاي، ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنىڭ نەپىسلىككە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز كونا تاش قورال دەۋرىدىن بۇرۇنمۇ تېرە ئاشلاش ھۈنىرىنى ئىختىرا قىلغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. چۈنكى پاختا - كاناپ توقۇمىچىلىقى تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرالمىغان ئەينى زامانلاردا ئۇلار قىش - ياز يېپىنچىغا موھتاج ئىدى. بۇنداق يېپىنچىلارنى ئۇلار پەقەت ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە تايىنىپلا ھەل قىلاتتى. زامانىمىزدىكى تېرە - خۇرۇملاردىن ئىشلىنىۋاتقان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھۈنەرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن كېلىدىغان تېرە مەھسۇلاتلىرى ئۆز ئىستېمالىدىن ئېشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەيلى دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ۋە ياكى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشسۇن، ئۇلار يەنىلا قوشۇمچە چارۋا باقاتتى ياكى چارۋىدىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئاز - تولا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر ئائىلىدە تېرە ئاشلاش، تېرە سودىسى قىلىش بولۇپ تۇراتتى. ئاشلانغان تېرىلەرنى ئەيلەپ ئاقارتىپ ئېگىن تىكىپ كىيەلەتتى. ھەر خىل ئىگىنلەر (كالتە جۇۋا، ئۇزۇن جۇۋا، كەمچەت ۋە تېرە تامباللار) تىكىلەتتى. ئۇيغۇرلار ئىچىدە تېرە سودىسىنى كەسىپ قىلغان تېرىچىلەر يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ، تېرە يىغىۋېلىپ، تېرىلەرنى ياقا - يۇرتلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. يېقىندىن بېرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە «ئات، كالا، قوي، تۆگە ۋە سوسەر تېرىسى» ① ئېلىپ بېرىپ سېتىپ تۇراتتى. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارىدىغان بۇيۇملىرى ئىچىدە ماتا ۋە سوسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلار بولاتتى» ②. «قىتانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خىراج تاپشۇرىدىغان ئاق ماتامۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى» ③. «ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىدى»④.

ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى شىنجاڭدا ئادەم ئاز، زېمىن كەڭرى، قاتناش قولايسىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەرقانداق جايدا كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تېرە ئاشلاش، كۆن ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى ئىگىلەشكە سەۋەب بولغانىدى. شۇڭا ئۇلاردا تېرە ئاشلاش، كۆن ئىشلەش، ئۇلاردىن ھەر تۈرلۈك ئېگىن تىكىش يېزا - قىشلاقلاردا تېرىدىن ئېگىن تىكىدىغان «جۇۋىچىلار» بار ئىدى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىدىن بۇرۇن يارىشىملىق جۇۋا، تامبال، تۇماقلارنى تىكىپ كىيىشنى بىلگەن.

مەلۇمكى تېرە ئاشلاش بىر خىل خىمىيەۋى ئېچىتىش جەريانى بولۇپ، تېرە يۈزىدىكى ئاقسىللار ئاشلىغۇچى ماددا (تاننىن)نىڭ ياردىمىدە شەكىل ئۆزگەرتىدۇ. تېرە يۈزىدىكى مۇڭگۈزسىمان ماددىلار، ئېچىتقۇچى باكتېرىيە تەسىرىدە، ئېچىپ شەكىل ئۆزگەرتىپ، ئەۋرىشىم شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز تەنتەرخى ئەرزان، تەركىبىدە ئاشلىغۇچى ماددا بىر قەدەر كۆپ بولغان تېرىقنى قورۇپ، تۈگمەندە تارتىپ، ئۇنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا ئازراق خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولدۇرۇپ (ئېچىتىپ)، تېرىنىڭ نەمدەلگەن يۈزىگە تەكشى يېپىپ، تېرىنى تۇزلۇق سۈيى بىلەن ئۇلاغقا ئوبدان قاتلاپ سېلىپ، كۆن نۇرىدىن دالدا ئورۇندا قويۇپ، 18–21 كۈن ئەتراپىدا ئاشلاش ئېلىپ باراتتى. تېرىنىڭ ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغانلىقى تېرە يۈزىدىكى بىر قەۋەت نېپىز پەردىنىڭ ئاسان سويۇلۇشى بىلەن ئۆلچەم قىلىناتتى، تېرە ئاشلاش شارائىتىنى ئوبدان كونترول قىلاتتى، مانا بۇ جەريان تېرىنى ئاشلاش جەريانىدىن ئىبارەت.

بۇ خىل ئىش سەنئىتىنى ئۇيغۇر خەلقى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ قالغان. ئادەمنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئەجدادلىرىمىز تېرە ئاشلاشتا نېمە ئۈچۈن بۇغداي، قوناق ياكى ئارپا ئۇنلىرىنى ئىشلەتمەي تېرىق ئۇنى ئىشلەتكەن؛ ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبە ئەمەلىيىتى جەريانىدا تېرىق تەركىبىدە ئاشلىغۇچى ماددىنىڭ مول بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. يەنە بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېرىنى قېتىق بىلەن ئاشلاش تېخنىكىسى تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، غۇلجىدا پاقلان، قوزا تېرىلىرىنى قېنىق چاي سۈيىدە ئاشلاپمۇ ئىشلىتىدۇ. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا گلاۋبېر تۇزى (بېرتولت تۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى ناترىي سۇلفات تۇرپاندىن كۆپ چىقىدۇ)دىن پايدىلە-

ىنىپ تېرىنى ئاشلىغىلى ۋە قۇيقىسىزلاندۇرۇپ كۆن ئىشـ
لەشكە بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تۈركىي خەلقلەر ئوتـ
تۇرا ئەسىرلەردىمۇ «تېرە» دېگەن مەنىدە هازىرقىغا ئوخـ
شاشلا «كۆن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنتى. مەھمۇد كاشـ
غەرىي «كۆن» ئات تېرىسى، ئات كۆنى دېيىلىدۇ ۋە
كۆپرەك بۇ يەردە ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز ئادەم تېـ
رىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۆگە تېرىسىنى «تەۋەي
كۆنى» دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزىدىن ئېلىنغان «كۆن» دېگەن
سۆز ئاشلانمىغان تېرىگە ئېيتىلىدۇ، ئاشلانغاندىن كېيىن
قوغۇش دېيىلىدۇ» (3-توم، 191-بەت) دەپ مەلۇمات
بېرىش بىلەن بىللە، يەنە «قوغۇش» دېگەن سۆز ئاشلانـ
مىغان تېرىنى كۆرسىتىدۇ دەپ يازغان. يەنە باشقا بىر
يەردە، بۇ سۆزنى تولۇق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە:
«قوغۇش» (1-توم، 478-بەت) دېگەن سۆزنىڭ ھەم
ئاشلانغان، ھەم ئاشلانمىغان تېرە دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلـ
تىلىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشـ
ىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئات،
تۆگە تېرىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈك ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان.
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار تېرىدىن ھەر خىل ئۆتۈك،
چورۇقتا ئوخشاش كىيىملەرنى تىكىپ كىيىدىغانلىقى مەلۇم.
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «ئەتۈك» (1-توم، 93-بەت) دېگەن
سۆز هازىرمۇ ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۆتۈك ئۇيـ
غۇرلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان خاس مىللىي ئايىغى، ئۇيـ
غۇرلار تاكى ھازىرغىچە ئۆتۈك كىيىش ئادىتىنى يوقاتقىنى
يوق.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاياغ كىيىمى ھېسابلىنىدىغان
«ئۆتۈك» (2-توم، 135-بەت) تېرە ياكى كىگىزدىن تـ
كىلەتتى. ئۇلار «ئويما» (2-توم، 135-بەت) دەپ ئاتىلـ
دىغان كىگىزدىن قىلىنىدىغان بىر خىل ئۆتۈكنى كۆپ كـ
يىدىغانلىقى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭدىن
باشقا ئۆتۈك قىلىنىدىغان كىگىزنى «تۇركمەن كىگىزى»
(2-توم، 135-بەت) دەپ چۈشەندۈرگىنىگە قاراپ، بۇ
خىل ئۆتۈك تۈركمەنلەرگە خاس ئۆتۈك بولۇشىمۇ
مۇمكىن دېيەلەيمىز. «دىۋان»دا ئۆتۈك قىلىنىدىغان كىگىز
ھەققىدە كۆپ توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۆتۈك» (2-



uyghurkitap.com



توم، 296-بەت) دېگەن بۇ ئىسىم كىگىز ياپىاقمۇ ئەمەس، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس.

تېرە ئۆتۈكلەرنىڭ ئەڭ ئىسىللىرى «ساغرىم» قىرىم (1-توم، 206-بەت)دىن تىكىلىدىغانلىقى مەلۇم، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈكنىڭ تىكىلىشى توغرىسىدا يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈك تىككەندە تىكىش ئارىسىغا «سىغزىغ» (1-توم، 606-بەت) قويۇپ تىكىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ، بۇنداق تېخنىكا ھازىرمۇ مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا كۆن ئىشلەش ھۈنەرلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ئۇلار تېرىنى شورداپ ياكى تېرە يۈزىگە زەمچە (1-توم، 135-بەت) سېپىپ ياكى نۇشۇدۇر (1-توم، 528-بەت) چېچىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش ئىشلىرىغىمۇ پۇختا ئىدى. كۆن ئىشلەش تېرە ئاشلاشقا ئوخشىمايدىغان تېخنىك تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل كەسىپ، كۆن ئىشلەشتە تېرىنىڭ تۈكى «ئوردۇتال» (1-توم، 168-بەت) دېيىلىدىغان تۈك چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسىدا چۈشۈرۈلەتتى بۇ بىر خىل خىمىيەۋى ماددا بولۇپ، كۆيدۈرۈلگەن ھاك كۆكۈنى بىلەن گۈڭگۈرت سېرىقىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى. بۇنىڭ يەنە «ئازۇتال» (1-توم، 196-بەت) دېيىلىدىغان «ھاك ئارىلاشمىسى»مۇ بولۇپ، بۇ بەدەندىكى تۈكنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلەتتى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار كۆن ئىشلەشتە، ئالدى بىلەن تېرىنى سۇغا چىلاپ، يۇمشىتىپ، تېرە يۈزىدىكى مايلارنى تەكشى قىرىۋېتىپ، ئاندىن تېرىنى سېسىق سۇغا چىلاپ، تېرە يۈزىدىكى تۈكلەرنى تولۇق قىرىپ تاشلاپ، شور سۇيىگە چىلاپ قايىنىتىپ، ئاندىن تېرىنى چۈچۈلا سېلىنغان تونۇردا بىر نەچچە قېتىم ئىسلاپ، قۇرۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ، يۇمشىتىپ، تېرە يۈزىگە ئۆرۈك قوۋزۇقى، دەرەخ پورى، زاراڭزا چېچىكى، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، قاراگۈل، كۆكتاش (مىس سۇلفات)، قەزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رۇدىسى)، زاك (1-توم، 581-بەت)، گىل (ماگنىي سىلىكات)، زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات) قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن بوياقلىرىن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېلىنغان ھەر خىل رەڭلىك بوياقلاردا، قارا، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق، قاراكۆك رەڭلەردە بوياپ كەلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا كۆنچىلىك ۋە تېرە ئاشلاش توغرىسىدا كۆپرەك توختالغان. ئۇ، «قويقا» (3-توم، 238-بەت) دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ «بۇ سۆز ئەسلىدە ئاشلانمىغان تېرىنى بىلدۈرسىمۇ، يەنە بەزىدە ئاشلانغان تېرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ» دەپ يازىدۇ. «دىۋان»دا يەنە چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە ھەققىدە توختىلىپ «چورۇقلۇق» (1-توم، 654-بەت) دەپ يازىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كۆندىن خۇددى ھازىرقىدەكلا «قېيىش» تاسما (3-توم، 173-بەت) كېسىپ ئالىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن.

«دىۋان»دا يەنە «قوغۇش» (1-توم، 478-بەت) ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرە، «تاتىرغا» (1-توم، 637-بەت) «ئاشلانغان ئاق تېرە» دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، بۇ تېرە ئاشلىنىپ ئاقارتىلغاندىن كېيىنكى تېرىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇ يەنە تېرە ئاشلاش ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، «ئەرۈكلەدى» (1-توم، 402-بەت)، «ئۇ تېرە ئاشلىدى» دەپ يازىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تېرىنى نېمە بىلەن ئاشلىغان بولغىيتتى؟ بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»دە ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرە توغرىسىدا بىر نەچچە يەردە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن تېرىنى نېمە بىلەن ئاشلايتتى دېگەن مەسىلىدە پەقەت بىرلا يەردە «ئۆزغۇن» تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ مېۋىسى، تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدۇ (1-توم، 213-بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، ئاشلىغۇچى ئەشيا توغرىسىدا بىر نېمە دېمىگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردە تېرە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ تۇلۇملاردىن «تار» سال (3-توم، 202-بەت) ياسايدىغانلىقى، يەنى تۇلۇملارنى بىرلەشتۈرۈپ دەريادىن ئۆتىدىغان سال ياساپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى «دىۋان»دىن مەلۇم. ئۆتۈك (3-توم، 461-بەت)، تۇلۇم (3-توم، 199-بەت)، چاناچ (تۇلۇم) (1-توم، 464-بەت)، «تورسۇق» ئىچىملىك تولدۇرۇلغان تۇلۇم (3-توم، 187-بەت)، ئوقيا كىرىچى (1-توم، 479-بەت) قاتارلىق ساھەلەردە كەڭرى ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە جۇۋا، تېرە ئىشتان، كەمچەت، قولقاپلارمۇ تېرىدىن ئىشلىنەتتى.

گەرچە «دىۋان»دا «ئەرۈك» تېرە ئاشلىغۇچ (1-توم، 95-بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېرە ئاشلايدىغان «ئۇلاق»مۇ ياكى تېرە ئاشلايدىغان ئېچىتقۇمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن. «يەختەدەكتە» (ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۈستىدىن كىيىدىغان تېرە پاپاق) (1-توم، 91-بەت)؛ «ئۇ تېرە ئاشلىدى» (1-توم، 402-بەت)، «كۆن»، «تۆگە كۆنى»، «ئات كۆنى»

(3ـ توم، 191ـ بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ۋە ئاتالـ
غۇلار خاتىرىلەنگەن.

ئەمنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىدـ
ياللاردا غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر ئـەجدادلىرىمىز «تـۆمۈر
تاۋلايدىغان ئوچاقلىرىغا تېرىدىن كۆيەك ئىشلەتكەن» ⑤
لىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. بۇنىڭدىن ئـۇيغۇر ئـەجـ
دادلىرىمىزنىڭ مىلادىيدىن 600 ـ 800ـ يىللار بـۇرۇن تـېـ
رىنى ماددىي تۇرمۇشقا ئـىشلىتىپلا قـالماستىن، يـەنە بـاشقا
ھۈنەرلەرنىڭ تـېخنىكىسىنى يـېڭىلاشتىمۇ ئـىشلەتكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1976ـ يىلى ئالغۇيدىكى قـەدىمكى قـەبرىستانلىقتىكى
50 تـىن ئـارتۇق قـەبرىلەرنى قـېزىشتىن «يـۇڭ تـوقۇلما
رەخت، پىيما (كىگىز ئۆتەك)» ۋە تېرە كىيىملەر ⑥ تېپىۋېـ
لىندى. ئالىملار بۇلارنى خىمىيەۋى ئانالىز قـىلىش ئـارقىـ
لىق بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ مىلادىيدىن بـۇرۇنقى 5ـ ئـەسىرـ
لەرگە تەۋە ئـىكەنلىكىنى ئـىسپاتلاپ چىقتى، 1979ـ يـىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى
كۆنچى دەريـاسىنىڭ تـۆۋەن ئـېقىمىدىكى قـەبرىستانلىقتىن
«ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن بىر جـەسەت» ⑦
نى قېزىۋالغان بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا كاربون ـ 14 ئانالىـ
زى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ بۇيۇمنى بۇنىڭدىن تـەخمىـ
نەن 3800 ـ 6400 يـىللار بـۇرۇنقى مـاددىي بـۇيۇم دەپ
بـېكىتتى. 1985ـ يـىلى 9ـ ئـايدا چـەرچـەن نـاھىيەسىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىن ئالتە كىلومېتىر يـىراقلىقتىكى قـەدىمكى
قەبرىلەرنى قېزىش ئارقىلىق «بورا ئاستىغا ئات، تـاي ۋە
قۇلان تېرىسى سېلىنغان» بىر قەبرە ۋە «پۇتىغا گۈل بـېـ
سىلغان ئۇزۇن قونچلۇق كىگىز پايپاق، ئۈستىگە بۇغا تېـ
رىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قـونچلۇق ئـۆتۈك كـىيدۈرۈلـ
گەن» ⑧ جەسەتلەر قېزىۋېلىندى. ئالىملار بۇلارنىڭ يىل
دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3000 ـ 3200 يىللار بـۇرۇنقى بـۇيۇم
دەپ بېكىتتى.

ئـۇيغۇرلار كـەم تـېپىلىدىغان بـىر قـىسىم تـېرىلەرنى
سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە ئـىشلىتىپ كـەلگەن. «ئـۇيغۇرلار
تاڭ پادىشاھىغا ھەر يىلى بۇلغۇن تـېرىسى تـارتۇق قـىلىپ
تۇراتتى» ⑨. خەن، سۇي، ۋېي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىـ
دە «ئـۆتۈك، كـەمـەر، تـاسما، ئـېگـەر ـ جـابدۇقلىرىنى
سوۋغا ـ سالامغىمۇ ئىشلىتەتتى»⑩. مىلادى 720ـ يـىللىرى
«جەنۇبىي ئەنەتلەك (ھىندىستان)دىن تاڭ سۇلالىسى چاۋـ
يـەنگە بـىر دانـە يـىلپىز تـېرىسى سوۋغات قـىلىنغان»⑪.

«مىلادى 622ـ يىلى (ۋۇدىنىڭ 5ـ يىلى) 4ـ ئـايدا غـەربىي
تۈركلەر يابغۇ خانغا بىر دانە شىر تېرىسىنى ئەۋەتكەن» ⑫.
«ئۇيغۇرلار تېرىدىن تامبال ۋە ئـۆتۈك كـىيەتـتى» ⑬.
«ئۇيغۇرلار تېرىدىن كـىيىم تـىكىپ كـىيىپ، گۆش بـىلەن
ئوزۇقلىناتتى، تېرە كـىيىملەر ئـۇلارنىڭ قـول سانائىتىنىڭ
مەھسۇلى ئىدى»⑭.

ئەجدادلىرىمىز كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرى،
يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىنىڭ باشلىرىدا تـېرە ئـاشلاش،
تېرىنى قـۇيقىسىزلاندۇرۇش تـېخنىكىسىنى ئـىختىرا قـىلغان
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىـ
لىققا كۆچكەن ۋاقتىدا، تېرىق ئۇنىنىڭ ئېچىتىلغان خېمىرىـ
نى ئاشلىغۇچى ماددا قىلىپ ئىشلىتىشكە بـاشلىغان بـولۇشى
مۇمكىن.

ئۆتۈك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆن ـ خۇرۇمدىن تەييارلىنىدىـ
غان بىر خىل ئاياغ كىيىمى بولۇپ، بۇ قول ھۈنەرلەر ئـىـ
چىدىكى مۇرەككەپ، ئەمما ئىلغار، تىكىش قىينىلىق دەرىـ
جىسى يـۇقىرى بـولغان بـىر خـىل ھۈنەرنىڭ مـەھسۇلى،
تېرە، كۆن ـ خۇرۇملاردىن ئۆتۈك، كەشە، چوقاي تـىكىش
ھۈنەرلىرىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغانىدى. ئۆتۈك توغرىـ
سىدا مىكوۋىن «ئـوتتۇرا ئـاسىيادىكى قـەدىمكى دۆلـەتلەر
تارىخى» دېگەن كىتابىدا «نىل دەريا ۋادىسى، مىسسوپوـ
تامىيە، خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەـ
دىمكى ئادەملەر ياغاچ كەشلەرنى، تېرە ئـۆتۈكلەرنى كـەـ
يەتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنـ
ئەنىۋى مەھسۇلاتى ئىدى»⑮ دەپ خاتىرىلىگەن.

ئۇيغۇرلار كۆن ـ خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كەمەر، ئۇتـ
تـۇكلىرىگە ھـەرخىل گـۈل نـەقىشلەرنى سـىزىپ ئـۇلارغا
ئالتۇن ـ كۈمۈش رەڭلىك سىرلاردا ھـەل بـېرىپ يـاساشقا
ماھىر ئىدى. «قاشتېشى كەمەر قاتارلىق بۇيۇملار ئۇيغۇرـ
لاردا ئىشلەپ چىقىرىلاتتى»⑯. «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلەـ
رىدە ئـېگـەر جـابدۇقلارنى خـۇرۇمدىن يـاسايتتى»⑰.
«شـەھەر بـازارلىرىدىكى قـول ـ ھۈنەرۋەنلەردىن سـىرت
چارۋىچىلار ئىچىدىمۇ كۆن ـ خۇرۇم ئـىشلەش ھۈنەرلىرى
راۋاجلانغان»⑱ بولۇپ، ئۇ يەرلەردىمۇ بۇ خـىل ھۈنەرـ
لەرگە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى. مـىلادى 3ـ 8 ـ ئـەـ
سىرلەرگىچە قالدۇرۇلغان كـۇچا مىڭئـۆي رەسىملىرىدە
«كـىيىۋالغان ئـۆتۈكى بـىلەن تـامبىلى ئـادەمنى ئـالاھىدە
جەلپ قىلىدۇ»⑲. مانا بۇ تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەڭ كەم دېگەندىمۇ مـىلادىيدىن ئـون ئـەسىرلەر بـۇرۇن

www.uyghurkitap.com



كۆن-خۇرۇم ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرلەردىن باشلاپ مىلادىدىن كېيىنكى 10-ئەسىرلەرگە قەدەر سوغدىلار، پارسلار بىلەن قويۇق باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۇلار ئات، كالا، ئۆچكە، قوي، تۆگە، بۇلغۇن، بۇغا، تۈلكە، بۆرە تېرىلىرىنىڭ سودىسىنى قىلىشاتتى. بۇ خىل سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆن-خۇرۇم ئىشلەش ھۈنەرلىرى مەھەللىۋى ھۈنەرگە ئايلىنىشقا سەۋەب بولغانىدى.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار كۆن-خۇرۇملارنى ھەر خىل رەڭلەردە بوياشقا ئۇستا بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتىكى كالا، ئات سودىسى قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بازار رىقابىتى ئۈچۈن، ئات، كالىلىرىنى گۈڭگۈرت-ھاك ئارىلاشمىسى، گىلاۋىر تۇزى ۋە بەزەن بوياقلار بىلەن ئۇلارنىڭ تۈكىنى بوياپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان قېزىلما بۇيۇملارنىڭ رەڭگىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3200 ــ 3500 يىللار بۇرۇن كۆن-خۇرۇم بوياقچىلىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا كۆن-خۇرۇملارنى قىزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رۇدىسى)، بور توپىسى (ئاق رەڭلىك)، گېل (جىگەر رەڭلىك). كىنوۋار (قىزىل رەڭلىك)، زاك، يېشىل زەمچە، كۆك تاش (مىس سۇلفات)، تۇز تېشى (مىس ئاساسلىق كاربونات)، قوغۇشۇن ئۇپا (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) قاتارلىق مەدەن بوياقلارنى يانجىپ، تالقانداپ ئۇلارنى گۈلسۈرۈق، قارىگۈل، شاتارىي، يۇلغۇن چېچىكى (يۇلغۇن لاۋدىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئانار پوستى، قۇرۇم، زەيچۇۋە، ئوردان (رويان) قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنىڭ پاراشوكىغا مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، قارا كۆك، جىگەر رەڭ، زەڭگەر، ھال، سېرىق، قىزىل رەڭ قاتارلىق رەڭلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، كۆن-خۇرۇملارنى ئاساسلىقى قارا كۆك، جىگەر رەڭلەردە بوياش ئېلىپ باراتتى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كۆن-خۇرۇم بوياقچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار خۇرۇمنى قىزىل، جىگەر، قارا، ئەت رەڭلەردە بوياپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم، ئەينى ۋاقىتتا كۆك رەڭلەرنىڭ قىممەت بولۇپ، بۇ خىل رەڭ ئۈچۈن كۆپىنچە ئۇلار قاراگۈل (لەيلىقازاق) ئىشلىتەتتى.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كۆن-خۇرۇم ئىشلەيدىغان كىشىلەر ھازىرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تارىختىن بېرى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قاراگۈل (لەيلىقازاق)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى بوياقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىل، ھال، سۆسۈن رەڭلەردە ئېچىلىدىغان تۈرلىرى بولۇپ، سۆسۈن رەڭلىكى «قارا گۈل» دېگەن نامى بىلەن داڭلىق بولۇپ، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىش قولايلىق، بوياش ئىقتىدارى ياخشى، كۈن نۇرىغا چىداملىق، ھەممە يەرلەردە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. تەركىبىدىكى بوياق مىقدارى 50% ــ 65% كە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن چېچىكىمۇ ئاسان تېپىلىدىغان ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ئۆسۈملۈك تىپىدىكى ئىشقارلىق بوياق، شۇڭا يۇلغۇن چېچىكى بىلەن بويالغان رەختلەر ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①، ②، ③، ④، ⑬، ⑰، ⑱ ياڭ شېڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) 1998-يىل، 218-، 219-، 290-، 160-، 161-بەتلەر.

⑤ «خىمىيە تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئىلىم-پەن نەشرىياتى (خەنزۇچە) 1980-يىل 14-بەت

⑥ قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل 174-بەت.

⑦ ⑧ ⑨ پويتىيەنخىڭ [ياپونىيە] «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل (ئۇيغۇرچە) 47-، 52-، 131-بەتلەر.

⑨، ⑭، ⑯ لىن گەن گاۋزىخۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 81-، 87-، 92-بەتلەر.

⑩، ⑪، ⑫ (ئامېرىكا) شىپ «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەر» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى 241-، 243-، 244-بەتلەر.

⑮ ئابدۇقېيۇم غوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل (ئۇيغۇرچە) 49-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

# تاغ پالۋان



مۇشۇك تاماخور، سېغىزخان غەيۋەتچى، مايمۇن دورامچى، ئۆردەك سۇلاقچى، سۇندۇك سۇۋاقچى، قۇشقاچ چېقىمچى، غورلاي بېقىمچى، توخۇ ئىشلەمچى، چاشقان چىشلەمچى، قاغا ئوغرى، قارلىغاچ توغرى، ئېشەك جاھىل، قوي قايىل، بۆرە قاتىل، ئات ئوكچى، قېچىر سولچى، تۆگە ئوتانچى، يولۋاس بولاڭچى، تۈلكە ئالدامچى بولغان زاماندا ئاتقان ئوقى بىكارغا كەتمەيدىغان، ئوۋغا چىقسا قۇرۇق قايتمايدىغان بىر ئوۋچى بار ئىكەن. بۇ ئوۋچىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا پەقەت بالىسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دائىم خۇداغا يىغلايدىكەن. ئوۋچى پەرزەنت كۆرۈشكە سەۋەب ئىزدەپ، ئالتە خوتۇن ئاپتۇ. لېكىن بۇ خوتۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى-دىن پەرزەنت كۆرمەپتۇ. ئوۋچى «ئۇرۇق سالسا، ئۈنمەيدىغان يەر يوق» دەپ ئويلاپ يەنە بىر خوتۇن ئاپتۇ. دېگەندەك كېيىن ئالغان يەتتىنچى خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇغۇلغان بۇ بالا چى-رايىدىن نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاي دېسە يۈزى، كۈن دېسە كۆزى بار، گۈل يۈزلۈك، چولپان كۆزلۈك، ئۇنچە چىشلىق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى خۇشاللىقىدىن جېنى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



شۇڭىمۇ ئۇۋچى ئوغلىنى ئەركىلىتىپ تاغ پالۋان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇ بالا 12ـ13 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇۋچى ئوغلىنىڭ چوپچوڭ بولۇپ قالغىنىغا قاراپ، خوتۇنى گۈلغۇنچىخانغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ مەن بىر ئۇۋچى، پۈتۈن ئۆمرۈم ئۇۋچىلىق بىلەن ئۆتتى، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بالام ھەرگىز مېنى دوراپ ئۇۋچىلىق قىلمىسۇن. چۈنكى ئۇۋچىلىق جانغا زامىن بولماقلىقتۇر. مېنىڭ ۋەسىيىتىم شۇ، ــ دەپ ئۇزاق ئۆتمەي كۆز يۇمۇپتۇ.

شۇ چاغدا ئوغلىمۇ 17 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆيدە بارى تۈگەپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى نامراتلىشىپتۇ. بۇ بالا ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۇرمۇشنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تولا باش قاتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئانىسى بالىسىغا:

ــ بالام دادىڭىز ئەسلي ئۇۋچى ئىدى، ھالال ھايۋان تۇتسا يېرىمىنى يەپ يېرىمىنى تېرىسى بىلەن ساقلايتتۇق، ھارام ھايۋان تۇتسا ھەممىسىنى ساتاتتۇق، ــ دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تاغ پالۋان: ــ ئۇنداق بولسا مەنمۇ دادامنىڭ قىلغىنىنى قىلىپ، ئۇۋچى بولاي، ــ دەپتۇ ۋە ئانىسىدىن دادىسى ئىشلەتكەن قالقان، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپتۇ. ئانىسى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆينىڭ تۆرىگە تىقىپ، يۆگەپ ساقلىغان ئۇۋچىلىق قوراللىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. تاغ پالۋان ھېلىقى ئوقيا قاپقانلىرىنى ئېلىپ تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ.

تاغ پالۋان تاغقا چىققۇدەك بولسا، بۇ تاغدا ياڭزىمۇ ياڭزا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغانمىش. بۇ گۈللەر ئىچىدە ئاجايىپ ئۆز تۇرغان گۈلنى كۆرۈپتۇ. تاغ پالۋان بۇ گۈلنى كۆرۈپ، گۈلدىن كۆز ئۈزەلمەي قاپتۇ ۋە دەريادىن ئاغزىدا سۇ ئەكىلىپ گۈلنىڭ چىلىك ئوتتۇرىسىغا قۇيۇپ بۇ گۈلنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز باغرىغا بېسىپ يېتىپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن بۇ گۈلدىن «ھەي يىگىت مېنى ئۈزگىن» دەپ ئاۋاز چىقىپتۇ. تاغ پالۋان ھەيران بولۇپ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپتۇ. قارىسا ھېچكىم يوق تۇرغۇدەك. بۇ نېمە گەپ؟ بۇ جايدا ئادەم بولمىسا مېنى ئۈز دېگەن كىمدۇ؟ دەپ ئويلاپ تۇرسا، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت «ھەي يىگىت مېنى ئۈز»، دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئاخىر تاغ پالۋان «پارس» قىلىپ گۈلنى ئۈزگەنىكەن، گۈل گۈزەل بىر مەلىكىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. يىگىت ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قورقۇپ كېتىپتۇ. يىگىت مەلىكىدىن:

ــ ھەي مەلىكە، سىز بۇ جايدا نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز، ئۆزىڭىز كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ــ مەن ئەسلي دىۋە پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم. مېنى دىۋىلەر ئېلىپ چىقىپ مۇشۇ جايغا ئەكىلىپ گۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ھەي يىگىت «سىز مېنى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاغ پالۋان، ــ بۇ جايدا نىكاھ قىلغۇدەك ئادەم يوق. بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارايلى ! يۇرتنىڭ ئىمام، قازى كاتتىلىرى بار. شەرىئەت بويىچە سۈرە ـ پاتىھە ئوقۇپ نىكاھ قىلدۇرۇپ، ئاندىن قوبۇل قىلمامدىمەن، ــ دەپتۇ تاغ پالۋان.

ــ ئاسمان، تاغۇ ـ تاش، ئاي ـ يۇلتۇزلار گۇۋاھ بولسۇن، ــ دەپتۇ مەلىكە. شۇنىڭ بىلەن تاغ پالۋان سۈرە ـ پاتىھە ئوقۇپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

ــ سىزنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئالدىم، ــ دەپتۇ.

ــ ئۆز رازىلىقىم بىلەن تەگدىم، ــ دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي، يولنى بويلاپ يول بويى كېتىپ، جەرەن ئوۋلاپ، يانچۇقىنى كولاپ كېتىپ بارغۇدەك بولسا، يول ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان تۆت تاش تۇرغۇدەك. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىكەن. شۇڭا تاغ پالۋان بىرەر كىشىگە سېتىپ قورساقلىرىنى توقلاش ئۈچۈن ھېلىقى تۆت تاشنى ئالاي، دەپ مېڭىشىغا مەلىكە:

ــ ھەي يىگىت بۇ تۆت تاشنى ئالماڭ، ساق باشقا بالا بولىدۇ، ــ دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغ پالۋان:

ــ مەيلى ئالاي، ــ دەپتۇ. تاشنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن ئۆز ئۆيىگە يېرىم كېچىدە كېلىپ ئۈچ دانە تاشنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ بىردىنى مورىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. تاش ئاجايىپ كۈچلۈك نۇر چېچىپ پۈتۈن ئۆينى كۈندۈز كۈندەك يورۇتۇپتۇ.

تاغ پالۋان تاغقا چىقىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا پادىشاھنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن «يەتتە كۈنگىچە ھېچقانداق ئادەم ئوت ياقماي، چىراغ ياقماي مېنىڭ ئانامنىڭ قارىسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر، ئوت قالسا، چىراغ

يانىدۇرسا، ئۇنداق كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولىدۇ»، دېگەن پەرمان چىقىرىلىپ، كوچىلارغا چاپلانغانىكەن. شۇ سەۋەب بىلەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەر بىر كوچىلارغا بىردىن جېسەكچى بەلگىلەپ قويغانىكەن.

ئەتىسى بارلىق جېسەكچىلەر:

— بىز تۇرغان كوچىدا ھېچكىم ئوت قالىمىدى، چىراغ يانىدۇرمىدى، — دەپ پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپتۇ، تاغ پالۋان ئولتۇرغان كوچىدا تۇرغان جېسەكچى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن تۇرغان كوچىدا ئوۋچىنىڭ بالىسى چىراغ يانىدۇرۇپ ياتمىدى، — دەپ مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— پۈتنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار، ھەممە ئادەم مېنىڭ پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرۈپ، مېنىڭ ئانامنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ، ئوت قالىماي، چىراغ يانىدۇرمەسا، نېمە ئۈچۈن ئوۋچىنىڭ بالىسى چىراغ يانىدۇرىدۇ؟ — دەپ چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي جاللاتلار تاغ پالۋاننى ھازىر قىپتۇ.

— ھەي يىگىت نېمە ئۈچۈن ئانامنىڭ قارىسىنى تۇتماي چىراغ يانىدۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ئوۋچىنىڭ ئوغلى:

— ئى ئۇلۇغ شاھ، مېنىڭ چىرىغىم يوق، پىلىكىممۇ يوق، چىراغقا قۇيغىلى يېغىممۇ يوق، مەن تاغقا چىققانىدىم، تاغدىن تۆت دانە تاش ئۇچرىدى. بۇ تاشنىڭ ئۈچ دانىسىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ، بىرىنى مورا بېشىغا ئېلىپ قويغانىدىم. شۇ تاش نۇر چېچىپ ئۆي ئىچى يورۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ تاغ پالۋانغا:

— ئۇنداق بولسا، ھەممىسىنى ئېلىپ كەلگىن، ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردۈم. ئەگەر يالغان بولسا بېشىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. جېسەكچىلەر تاغ پالۋاننى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ بېرىپتۇ. تاغ پالۋان ئۆيىدىن ھېلىقى تۆت دانە تاشنى ئېلىپ، ئوردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئۇچراپ قاپتۇ - دە تاغ پالۋانغا:

— بۇ ئەكەلگەنلىرىڭ گۆھەر ئىكەن. مەن ساڭا ئىنئام قىلىمەن. ماڭا بىرىنى بەر، — دەپتۇ. مەن بايا پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۆت تاش دېگەنىدىم. ئۆزلىرىگە بىرنى بېرىپ پادىشاھقا ئۈچنى بەرسەم مېنىڭ بېشىمنى ئالىدۇ، ئالدى بىلەن بۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي، ئۆزلىرىگە لازىم بولسا، مەن يەنە شۇ جايدىن ئەكىلىپ بېرەي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تاغ پالۋاننى يوق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. تاغ پالۋان تۆت تاشنى پادىشاھقا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ تاشنى قولىغا ئېلىپ گۆھەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ بىرنى ئېلىپ پەنجىرىگە قويۇپتۇ. شۇ ھامان ئۆي ئىچىدە نۇر چاقناپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ تاغ پالۋاننى چوڭ ئىنئام بىلەن قايتۇرۇپتۇ.

تاغ پالۋان ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئوڭ قول ۋەزىرى پادىشاھقا مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، ھېلىقى ئوۋچى بالىنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىشلار كېلىدىكەن، مۇشۇ خىلدىكى تاشتىن بىر ئۆي پۈتكۈدەك ئالدۇرۇپ كېلىپ، بىر ئۆي سالدۇرغان بولساق داڭق كەتكەن بولاتتى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئوۋچىنىڭ ئوغلىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تاغ پالۋاننى ھازىر قىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ:

— ئەي ئوۋچىنىڭ بالىسى، بىز مۇشۇ تاشتىن ئۇزۇنلۇقى 40 گەز، كەڭلىكى 30 گەز، ئېگىزلىكى 20 گەز كېلىدىغان بىر چوڭ مېھمانخانا سالدۇرىمىز، ساڭا ئۈچ



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۇنلۇك مۆھلەت بېرىمەن، مۇشۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە دېگىنىمنى ئورۇنداپ بەرمىسەڭ بېشىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

بىچارە بولۇپ غەمگە پاتقان تاغ پالۋان بېشىنى ساڭگىلىتىپ نائىلاج ئۆيگە بېرىپتۇ. تاغ پالۋان ئۆيگە بارغۇدەك بولسا، مەلىكە ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن يىگىتنى كۈتۈپ:

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، تامىقىڭىزنى يەڭ، ئاندىن كېيىن پادىشاھ تاپشۇرغان ئىشنى ماڭا دەڭ، غەم قىلماڭ! بۇنداق ئىش دۇنيادا دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز ئەقىل تېپىشىمىز لازىم، — دەپتۇ. تاماقتىن كېيىن يىگىت مەلىكىگە پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە:

— مەن باشتا سىزگە بۇ تاشنى ئالماڭ، باشقا بالا كېلىدۇ دېسەم ئۇنىماي ئالدىڭىز، ئاخىر شۇنداق بولدى. ئەمدى ئۇنداق تاشنى تېپىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ ۋە يىگىتكە مۇنداق بىر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

— مەن كۆزۈمنى يۇمىمەن، سىزمۇ كۆزىڭىزنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۇمىسىز - دە، ئىككى قېشىمنىڭ ئارىلىقىغا ئۇرىسىز، مەن بولدى دېگەندە كۆزىڭىزنى ئېچىپ توختايسىز، ئاندىن ئىش تامام بولىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولغاندا مەلىكە «توختاڭ!» دېگەنىكەن. شۇ چاغدا تاغ پالۋان كۆزىنى ئاچقۇدەك بولسا ئەتراپىدا پادىشاھ ئېيتقان خاسىيەتلىك تاش ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە يىغىلىپ تۇرغۇدەكمىش، بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان تاغ پالۋان:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ، مەلىكىدىن.

مەلىكە:

— سىز ئىككى قېشىمنىڭ ئارىلىقىغا ئۇرغاندا ئاغرىق بىلەن كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش بىلەن دۆۋىلەندى، — دەپتۇ. تاغ پالۋان بۇنىڭ ئۈچۈن مەلىكىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاخىرىدا مەلىكە، — پادىشاھ قېشىغا بېرىپ ئېيتىڭ، ماۋۇ تاشلارنى ئېلىپ كەتسۇن، بىزنىڭ بۇلارنى ساقلىغۇدەك تاغار، ئارتۇقراق ئات - ئۇلاغىمۇ يوق، — دەپتۇ.

تاغ پالۋان پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ تاپشۇرغان بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن يۈرتتىكى پۈتۈن ئادەملەرنى يىغىپ داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي چالدۇرۇپ، خاسىيەتلىك تاشلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىر ھەشەمەتلىك مېھمانخانا سالدۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە تاراپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھقا يەنە بىر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، ئوۋچىنىڭ بالىسى شۇنچىلىك ئەقىللىقكى ئۇنىڭ قىلغىنىنى ھېچكىم قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋان تېرىسىدىن ئەكەلدۈرۈپ، يېڭىدىن بىنا قىلدۇرغان مېھمانخانىنى زىننەتلەنگەن بولساق ئۆزلىرىنىڭ نامى شەرىپى جاھانغا تارالغان بولاتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئوۋچىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ. چاپارمەنلەر شۇ ھامان تاغ پالۋاننى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئى ئوۋچىنىڭ ئوغلى، سېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭ بىلەن مېھمانخانىلار سېلىنىپ، نامى تارالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىچىگە يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە تېرىلىرىنى سېلىپ تاملىرىغا گىلەم ئورنىدا تارتقۇزىمەن. شۇڭا ھەر بىرىدىن يەتكۈدەك ئېلىپ كەلگىن، بىرسى ئاز، بىرسى كۆپ بولمىسۇن، بۇنىڭغا ئىككى كېچە كۈندۈز مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ.

تاغ پالۋان ئېغىر غەمگە پېتىپ ئۆيىگە كەپتۇ. مەلىكە تاغ پالۋاننى بۇرۇنقىدەك قىزغىن كۈتمەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئېگىز تاغ ئۇچرايدۇ. تاغقا چىقىپ بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن بىر جىلغا ئۇچرايدۇ. جىلغىدا بىر بۇلاق بار. ئەتراپىتىكى ياۋايى ھايۋانلار بۇلاققا سۇ ئىچىش ئۈچۈن ھەر كۈنى چۈشتە كېلىدۇ. سىز ئالدى بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر تۈلۈك مەي ئېلىڭ، ئۇنى ئېلىپ تاغ ئارىسىدىكى بۇلاققا بېرىپ، دورا بېھوش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇلاققا تۆكۈڭ، كەلگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا مەست بولىدۇ. ئاندىن بۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئېلىپ كېلەلەيسىز، — دەپتۇ مەلىكە.

مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان تاغ پالۋان خۇشال بولۇپ، بېشىدىن تۈگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك بوپتۇ ۋە شۇئان پادىشاھنىڭ يېنىدىن بىر تۈلۈك مەيگە دورا

بىھوشنى سېپىپ، مەلىكە دېگەن تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ ۋە پايلاپ تۇرۇپ چۈشكە يېقىن تۈگىدىكى دورا بىھوش ئارىلاشتۇرۇلغان مەينى بۇلاققا تۆكۈپ ئەتراپىنى قاش كۆتۈرۈپ قويۇپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇسسىقتا تازا ئۇسساپ كەتكەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بۇلاققا سۇ ئىچكىلى كەپتۇ ۋە سۇنى ئىچىش بىلەن تەڭ بىھوش بولۇپ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ، بىر - بىرلەپ يىقىلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاغ پالۋان يۈگۈرۈپ بېرىپ، يېنىدىن قىلىچىنى ئاپتۇدە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى سويۇپ، ئېتىغا ئارتىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئىككىنچى قەستىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

تاغ پالۋاننىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋەزىر يەنە شاھقا مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم ئۇۋچى بالىسىنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ دادىسى 444 شەھەرگە پادىشاھ ئىدى. ئۇ دۇنياغا كەتتى. مېنىڭچە ئۇ دۇنياغا كەتكەن دادىلىرىغا ئۇۋچىنىڭ بالىسىدىن بىر پارچە خەت يازساق «دادا» سىلە ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن ئىككى ئىش قىلدىم، بىرىسى ئۇزۇنلۇقى 40 گەز، كەڭلىكى 30 گەز ئېگىزلىكى 20 گەز كېلىدىغان بىر مېھمانخانا سالدۇردۇم، تاملىرىغا خىش ئورنىغا گۆھەر ئىشلەتتىم. يەنە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان، تۇتۇپ كېلىش قىيىن بولغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە مېھمانخانىنى زىننەتلىدىم. ئۇنىڭ نامى جىمى ئالەمگە تارالدى. جايلاردىن كۆرگۈچىلەر كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاغزى ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالغايلا» دەپ يازساق دادىلىرى ئىككىلى ئالەمدە ئۆزلىرىدىن رازى بولغان بولار ئىدى ھەم سىلىنىڭ نام شەرەپلىرى ئۇ ئالەمگىمۇ تارالغان بۇلار ئىدى، — دەپتۇ.

بىر قانچە كۈندىكى خۇشاللىقى بىلەن ھەممىنى ئۇنۇتقان پادىشاھ، قايتا سوراپ ئولتۇرمايلا ماقۇل دەپتۇ ۋە تاغ پالۋانغا بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. تاغ پالۋان بۇنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قايتىدىن سوراپتۇ ۋە ئىلاجسىز يەنە ئۆيگە قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقنى ئاڭلىغان مەلىكە قاتتىق بىر كۈلۈپتۇ - دە يەنە:

بىر ئەقىل ئىشلىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنى ئالتۇن يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بىر جىلدكە سېلىپ، تاغ پالۋاندىن شاھقا ئەۋەتىپتۇ. تاغ پالۋان مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە ھېلىقى خەتنى ئېلىپ شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ.

ئالتۇن يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن جىلدنى پادىشاھقا ئۇزىتىپتۇ. شاھ جىلدنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەقەدەر چىرايلىق ئىكەنلىكىگە، ئەتراپىدا نۇر چېچىپ تۇرغان مەرۋايىتقا قاراپ ھەيران قاپتۇ ۋە خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ.

خەتتە مۇنداق يېزىلغانىكەن: «بالام سىز ياش يىگىتتىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ يىگىت بىزگە كېيىك گۆشى ئەكىلىپ بېرىدىغان ئۇۋچىنىڭ بالىسى ئىكەن. مەن خەتنى ئوقۇپ كۆپ خۇشال بولدۇم. مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، قۇدرەت تاپقانلىقىڭىزغا رەھمەت. مەن دۇئايىمدا سىزگە دائىم مەدەت بېرىشنى تىلەيمەن. ئەمدى مەن سىزگە ئۆز ئەھۋالىمنى ئېيتاي، مەن بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن يۇرت كىشىلىرى ئەقىلسىز، دۆت بولغىنى ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىم. ۋەزىرلىرىم ھاماقەت ھەم قارا كۆڭۈل نادان بولغاچقا ماڭا تولۇق ئەقىل كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. سىز مەندىن كېيىن قىلىپ شۇنچە كۆپ بايلىق ۋە قۇدرەت تېپىپسىز، نامىڭىز بۇ ئالەمگىمۇ يەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ماڭىمۇ بالامغا ئەقىل كۆرسەتكەن ۋەزىرگە ئوخشاش بىر ۋەزىر بولغان بولسا، دەپ كۆپ ئويلىدىم. مەن سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولسام سىزگە ئەقىل كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ۋەزىرىڭىزنى ماڭا ئەۋەتسىڭىز، مەن يولغا قارايمەن».

پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ ئاتىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى يۈزىسىدىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ۋەزىرىنى دادىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىش قارارىغا كەپتۇ. شۇ ھامان باش كېسەر جاللاتلار ۋەزىرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىپتۇ.

دانىشمەن مەلىكىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن تاغ پالۋان ئامان قاپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىر يوقىتىلغاندىن كېيىن ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇللا تۇرسۇن**، 65 ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىق، كېرىيە ئويتوغراق يېزىسىدىن.

1987 - يىل 9 - ئاي

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئەھەت ئوبۇلقاسىم، مېھرىنىسا ئابدۇقادىر**

«كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر تېكىستلىرى



ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

## دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە بېلىقچىلىقنىڭ بايانى

قولىمىزدىكى «دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە بېلىقچىلىق رىسالىسى» ناملىق بۇ ئەسەر شۋېتسىيەلىك داڭلىق تۈركلوگ گۇننار ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1998 - يىلى «20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ـــ شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى» دېگەن نامدا شۋېتسىيەدە نەشر قىلىنغان. بۇ «رىسالىلەر» توپلىمىغا 1905 - يىلدىن 1910 - يىلىغىچە قەشقەردە يېزىلغان ئون پارچە تېكىست كىرگۈزۈلگەن. بۇ تېكىستلەر قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى داڭلىق ئۆلىما، خەتتاتلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى داموللا ۋە ئابدۇۋەلى ئاخۇنلار تەرىپىدىن شەرقىي تۈركچىدە ① يېزىلغان بولۇپ، بۇ تېكىستلەرنى گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇستازى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باشلىق گۇستاف رەكۇيت ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركچىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ②. بۇ تېكىستلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىق ئىشلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەينى دەۋرنىڭ تىل ۋە فولكلور ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئەسلىي فونېتىكىلىق قائىدە بويىچە بىر قىسىم چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى

ـــ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

### دېھقانچىلىقنىڭ بايانى

دېھقانچىلىق ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسبى③ تۇرۇر. ھەزرەتى ئادەمغە بۇبى ھەۋا④ بۇغداي دەرەختىدىن ⑤ ئۆزى يەپ ئېرىگە ھەم بېرىپ، ئىتائەتىدىن ھەم چىقىپ گۇناھغا تۇشكەندە، خۇدايى رەببىلئىززەت ئادەمغە پىشانەڭنى تەرلەتىپ مەشەققەت ⑥ بىرلە نانىڭنى يەرسەن دېگەنگە مۇۋاپىق يەرگە ئىشلەپ دېھقانچىلىق قىلماق ھەممە ئادەملارغا مىراس قالدى. يەر ھەرقانچە ئوبدان بولسا ھەم بەش ئون يىل ئىشلىمەي تاشلاپ ئەتسە ھەر قىسىم ئوت ۋە يانتاقلار ئۈنۈپ، خۇدا بۇيرۇغانغا مۇۋاپىق تەمام شورلۇق بولۇپ، تەگىدىن زەي چىقىپ بۇزۇلۇپ كېتەر. قۇرۇق سېغىز يەر بولسا ئافتابنىڭ

تابۇشىدىن ⑦قەرارىپ ⑧كۆيۈك بولۇپ كېتەر. يەرنى خۇدا لەئنەت قىلماغاندا تەمام يەر يۈزى بەھىشتنىڭ باغىدەك گۈلزارلىق ئەردى. تىكەن، يانتاق، ئازغان، جىغانلارنىڭ ئورنىدا تولا ياخشى مېۋىلىك دەرەختلار بار ئەردى. بۇغداي دەرەختى ھەم ئادەم ئېگەدارلىق قىلغان ئەدەندەكى⑨ باغنىڭ ئوتراسىدا ھەممەدىن ئەفزەل ⑩ بىر تۈپ دەرەخت ئەردى. ئانىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى يەرگە ئىشلەپ، بۇغداي دەرەختىنى ھەم باغدىن چىقارىپ، دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە ئادەمنىڭ ئەۋلادلارى يەپ، تىرىكچىلىك قىلماققە ئىرادە قىلىپتۇر. ئادەم بىرلە ھەۋانى خۇدا ئەدەندەكى باغدىن يەر يۈزىگە ياندۇرغاندا بۇغداي دەرەختىنى ھەم باغدىن چىقارىپ، يەرگە تېرىپ ئوراپ نان ئېتىپ يېگىلى قىسمەت قىلىپتۇر. بۇغدايدىن باشقا مېۋە يا دەرەختلەرنى كۆچەت قىلىپ قويارلار. يالغۇز بۇغداي بىلەن ئانىڭ جۇملەسىدىن ئارپا، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، شال، تېرىق، ماش، نوخۇد⑪، چۈژگۈن قوناق، زىيغىر، كەندىر، كۈنجۈد، زاراگزا، كېپەز، چامغۇر، فىياز، زەردەك⑫، قوغۇن، تاربۇز⑬ قەتارلىق مېۋەلەرنى يەرگە تېرىپ يەرلەر.

يەرگە ئىشلەپ زەرائەت قىلماق ئۈچۈن سەرەنجام لازىم بولادۇر. دۆش ئالغالى ⑭ ئات ئەرابا، ئېشەك، تەغار؛ يەرنى ھەيدەگەلى ئۆي، ئۇيغا ئىشلەتكەلى بوقۇسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، تىش لازىم بولادۇر.

بىر كىشى بىر پارچە زېمىننى زىرائەت قىلغالى خاھلاسا ئول يەرنىڭ ئېتىزلارىنىڭ قىرلارىنى كەتمەن بىلەن توپا سالىپ ئېگىز قىلادۇر. ئېتىزنىڭ دۆڭ يەرلىرىنى ئەرابەگە ئات قوشۇپ كەلتۈرۈپ، ئاغدامەگە ئۇسسۇپ، چوڭقۇر⑮ يەرلەرگە تۆكۈپ، ئېتىزلارنى تۈز قىلىپ راستلاپ، سۇ قويۇپ، ئۇسا قىلىپ كىلىشكەندە بىر جۈپ ئۆي كەلتۈرۈپ، بويىنغا بويۇنتۇرۇق سالىپ، بويۇنتۇقغا كۆچ ياغاچى بىرلە بوقۇسانى بىركىتىپ، بوقۇساغا تىش بىركىتىپ، ساپكەسىدىن ⑯ تۇتۇپ، يەرنى تۆرت بەش مەرتەبە ھەيدەپ مىرە قىلىپ⑰، ئاندىن تاغارغا قىغ ئۇسسۇپ، ئىشەككە ئارتىپ يەرگە قويۇپ، ئاندىن يەرگە قىغنى سالىپ، ئۇرۇغ سالىپ ھەيدەپ، سۇ قويادۇر ياكى بالدۇر سۇ قويۇپ ئاندىن يەر كەلشكەندە قىغ قويۇپ سالىپ، كېيىن ئۇرۇغ سالىپ ھەيدەپ ئاندىن سۆرەمدە باسۇرۇپ قويادۇر. زىرائەت ئۈنۈپ تەگشەلگەندە سۇ قويۇپ، پىشىپ تەييار بولغۇنچە خەبەر ئالىپ تۇرادۇر. پىشقاندا ئوغاق بىلەن ئوروپ، خەرمانغا كەلتۈرۈپ تېپىپ سورۇپ ئالادۇر. خەرمانغا ئارى، كۈجەك، غەلبىر، ئۈتگەرمە لازىم بولادۇر.

## مەتىنلەر

### دهقانچیلیق نینگ بیانی

دهقانچیلیق حضرت آدم علیه السلام نینگ کسبی تورور حضرت آدم غه بوی حوا بغدای درختی دین اوزی یب ایرکا هم بیروب اطاعت دین چیقیب کناه غه توشکانیده خدایی رب العزت آدم غه پیشانه نینگ ترلاتیب مشقت بیرله نانینگ نی یرسین دیگان که موافق یرگه ایشلاب دهقانچیلیق قیلماق همه آدم لارغه میراث قالدی یر حق تانچه اوبراب بولسه هم بش اون یل ایشلامای تاشلاب اتسه هر قسم اوت و یانتاق لار اونوب خدا بویورغانغه موافق تمام شورلیق بولوب تیکیوین زی چیقیب بوزولوب کیتار قوروق بسغیز یر بولسه افتاب نینگ تابوشیدین قرایب کویوک بولوب کیتار یرنی خدا لعنت قیلماغانده تمام یر یوزی بهشت نینگ باغیدیک گل زارلیق ایردی تیکن یانتاق ازغان جیغان لارنینگ اورنیدا تولا یخشی میوه لیک درخت لار بار ایردی بغدای درختی هم آدم ایگه دارلیق قیلغان عدن داکی باغ نینگ اوتراسیدا همه دین افضل بر توپ درخت ایردی انینگ اوچون آدم نینگ اولادلاری یرگه ایشلاب بغدای درختی نی بیملک که اراده بولوب بغدای عدن داکی باغ نینگ اوتراسیدا بار وقتیدا بولکی میوه لیک درخت لارگه اوخشه میوه بیرور ایردی لار آدم بیرله حوا بیه مرتبه سیدین توشکاندین کین بغدای درختی نی هم باغدین چیقاریب دنیانینگ آخیریغچه آدم نینگ اولادلاری یب تیریکچیلیک قیلماق غه اراده قیلیب دور آدم بیرله حوانی خدا عدن داکی باغ دین یر یوزی که یاندورغاندا بغدای درخت نی هم باغدین چیقاریب یرگه توریب اوراب نان اتیب یگالی قسمت قیلیب دور بغدای دین باشقه میوه یا درخت لارنی کوچت قیلیب قویارلار یالغوز بغدای بیلان انینگ جمله سیدین آرپه کومه قوناق آق قوناق شال توریق ماش نخود چوژگون قوناق زغیر کندیر کونجود زاراگزا کیپز چامغور فیاز زردک قوغون تاربوز قتارلیق میوه لارنی یرگه توریب یرلار.

یرگه ایشلاب زراعت قیلماق اوچون سرانجام لازم بولادور دوش الغالی اط عرابه ایشک تغار یرنی هیدالالی اوی اوی غه ایشلاتکالی بوقوسه بویونتوروق صورم تیش لازم بولادور.

بر کشی بر پارچه زمین نی زراعت قیلغالی خواهلاسه اول یرنینگ اتیزلاری نینگ قیرلاری نی کتمن بیلان توپه سالیب ایگیز قیلادور اتیز نینگ دونگ یرلاری نی عرابه که اط قوشوب کالتوروب اغدامه که اوسسوب چوقور یرلاری که توکوب اتیزلاری توز قیلیب راستلاب سو قویوب اوسه قیلیب کلیشکانده بر جوف اوی کلتوروب بوینیغه بویونتوروق سالیب بویونتوق غه کوچ یغاچی بیرله بوقوسه نی برکیتیب بوقوسه غه تیش برکیتیب ساپکه سیدین توتوب یرنی تورت بش مرتبه هیداب میره قیلیب اندین تغارغه قیغ اوسسوب ایشک که آرتیب یرگه قویوب اندین یرگه قیغ نی ساچیب اوروغ ساچیب هیداب سو قویادور یاکه بالدور سو قویوب اندین کلیشکانده قیغ قویوب ساچیب کین اوروغ ساچیب هیداب اندین صورم ده باسوروب قویادور زراعت اونوب تانکشلکانده سو قویوب پیشیب طیار بولغونچه خبر الیب توراداور پیشقاندا اوغاق بیلان اوروب خرمانغه کالتوروب تیپیب سوروب الادور خرمانغه آری کوجک غلبیر اوتکومه لازم بولادور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## مۇەلىك دەرەختلەرنىڭ بەيانى

مۇەلىك دەرەختلەر بىر خىل بولمايدۇر ھەر خىل بولادۇر. مۇەلەرنىڭ تەئمى ھەم بۆلەك بولادۇر. بەئزى مۇەلەر شىرىن، بەئزىلەرى ئاچچىغ-چۈچۈك بولادۇر. ئەرتەياز18 ۋاقتىدا مۇەلىك مۇەسىز دەرەختلەر مۇدۇچاق بولۇپ ئاندىن نوتىلاپ يافراغ 19 چىقارىپ، چىچەكلەپ غورا بولۇپ، كۈندىن كۈنگە چوڭ بولۇپ پىشادۇر. ئۈرۈكنىڭ بالدۇر پىشقانلارىنى مايسام دەرلەر. ئاندىن ياغلىق ئۈرۈك، ئاق پىشما، — ئەنجانە، ئاغاچا، تاكاتىل، خۇۋەينە بۇ ئۈرۈكلەر پىشادۇر. ئۈرۈكنى يەپ ئۆچكەسىنى چاقسا ئىچىدىن مەغزى چىقادۇر، مەغزى ھەم تاتلىق بولادۇر. شافتۇل ھەم شىرىن مۇەدۇر. توقۇچاق شافتۇل ھەممەدىن بالدۇر پىشادۇر. ئاندىن ماگزى قىزىل شافتۇل، سىرىق شافتۇل، كىيىن ياما شافتۇل، ئەش شافتۇل پىشادۇر. شافتۇلنىڭ مېغزىنى ياغ تارتتۇرۇپ پولو ئاشقا لازىم قىلادۇر. توغاچ ھەم شىرىن مۇەدۇر. بالدۇر چىلگە توغاچ ئاندىن قالغان توغاچلار پىشادۇر. ئىچىدەكى ئۆچكەسىدىن مەغزى چىقادۇر، ئانى ھەم ياغ تارتتۇرادۇر. ئارمۇت20 ھەم بىر نەچچە خىل ھەم شىرىن بولادۇر. قىرلىق ئارمۇت، كۆك ئارمۇت، نوگاي ئارمۇت، نەشپۈت ئارمۇتدۇر. قىرلىق ئارمۇت نەشپۈت ئارمۇتنى يازدا يەيدۇر، كۆك ئارمۇت، كۈچار ئارمۇتنى قۇمغا كۆمۈپ ئۆيدە ساقلاپ، قىش كۈنلەرىدە ساتادۇر. ئانار ئىككى قىسىم بولادۇر. تاتلىق ئانار، ئاچچىغ ئانار. تاتلىق ئانارنى چايناپ يەيدۇر، ئاچچىغ ئانارنى خامنىڭ ئاراسىغا ئالىپ سىقىپ ئىچەدۇر. ئۈزۈم ھەم تولا شىرىن ئۈچ خىل بولادۇر. ھۈسنىم ئۈزۈمى دېگەن دانەسى ئۆششاق ئۈزۈم، بالدۇر پىشادۇر. ئاندىن سىرىق ئۈچۈم، قارا ئۈزۈم پىشادۇر. كۆك ۋاسالغۇ ئۈزۈمى ياركەنتدىن چىقادۇر. ئەنجۈ ھەم تولا شىرىن بولادۇر. بۇ مۇە ئورما ۋاقتىدىن تا كۈزغىچە ئۈچ نۆبەت پىشادۇر، باشقا مۇەدەك چىچەكلەمەيدۇر، مودۇرىدىن تۈغادۇر. ئالما مۇەسى بىر نەچچە خىل بولادۇر ھەم شىرىندۇر. ئاق ئالما، داراي ئالما، سەمەرقەند ئالماسى، پۇغۇندە ئالما، پەرزەباد ئالماسى21، قىزىل ئالما، قىشلىق ئالما بولادۇر. قارا ئۈرۈك، غەغنۇلا، گىلاس، جىنەستە، ئورۇس ئۈجمەسى، ئالۇچا بۇ مۇەلەر ئاچچىق-چۈچۈك بولادۇر. ياغاق، چىلان، بادام، پىستە، خورما، جىگدە بولادۇر. بۇلار ئوبدان شىرىن بولادۇر. ئۈجمە ئۈچ خىل بولادۇر، ئاق ئۈجمە، چىقىر ئۈجمە، شىرىن بولادۇر، قارا ئۈجمە ئاچچىغ-چۈچۈك بولادۇر.

میوەلیک درختلارنینگ بیانی

میوەلیک درختلار بر خیل بولمایدور هر خیل بولادور میوەلارنینگ طعمی هم بولک بولادور بعضی میوەلار شیرین بعضیلاری اچچیغ چوچوک بولادور ایرته یاز وقتیده میوەلیک میوەسز درختلار مودوچاق بولوب اندین نوته لاب یافراق چیقاروب چیچکلاب غورا بولوب کوندین کونگه چونگ بولوب پیشادور اوروکنینگ بالدور پیشقانلارینی مایسام درلار اندین یاغلیق اوروک آق پیشمه انجانه اغاچه تاکاتیل خوینه بو اوروکلار پیشادور اوروکنی یب اوچوکه سوچنی چاقسه ایچیدین مغزی چیقادور مغزی هم تاتلیق بولادور شافتول هم شیرین میوەدور توقوچاق شافتول همه دین بالدور پیشادور اندین ماگزی قزل شافتول سریق شافتول کیین یاما شافتول اش شافتول پیشادور شافتولنینگ مغزینی یاغ تارتتوروب پولو اشغه لازم قیلادور توغاچ هم شیرین بر میوەدور بالدور چیلگه توغاچ اندین قالغان توغاچلار پیشادور ایچیداکی اوچکه سیدین مغزی چیقادور انی هم یاغ تارتتورادور آرموت هم برنچه خیل هم شیرین بولادور قیرلیق آرموت کوک آرموت نوگای آرموت نشپوت آرموت دور قیرلیق آرموت نشپوت آرموتنی یازدا ییدور کوک آرموت کوچار آرموتنی قومغه کوموب اویدا ساقلاب قیش کونلاریدا ساتادور آنار ایکی قسم بولادور تاتلیق آنار اچچیغ آنار تاتلیق آنارنی چاینب ییدور اچچیغ آنارنی خامنینگ اراسیغه الیب سیقیب ایچادور اوزوم هم تولا شیرین اوچ خیل بولادور حسینیم اوزومی دیگان دانه سی اوششاق اوزوم بالدور پیشادور اندین سریق اوزوم قرا اوزوم پیشادور کوک واسالغو اوزومی یارکنت دین چیقادور انجور هم تولا شیرین بولادور بو میوە اورما وقتیدین تا کوزغچه اوچ نوبت پیشادور باشقه میوەدیک چیچکلامایدور مودوریدین توغادور الما میوەسی برنچه خیل بولادور هم شیرین دور آق الما دارای الما سمرقند الماسی پوغونده الما پرزه آباد الماسی قزل الما قشلیق الما بولادور قرا اوروک غغنولی گیلاس جینسته اوروس اوجمه سی آلوچه بو میوەلار اچچیغ چوچوک بولادور یانگاق چیلان بادام پسته خورما جیگده بولار اوبدان شیرین بولادور اوجمه اوچ خیل بولادور اق اوجمه چقیر اوجمه شیرین بولادور قرا اوجمه اچچیغ چوچوک بولادورلار

## مۇەلەرنىڭ بەيانى

ھەممە مۇەدىن ئىلگەرى پىشادۇرغان مۇە ئۈجمەدۇر، ئاندىن كىيىن جىنەستە، ئۈرۈك، سۆخەك شاپتۇل، توغاچ، ئالما، ئارمۇت نەشفەتى22، چىلگە قاۋغۇن23، شەكەر سۇيى قاۋغۇن، بىشەك شىرىن قاۋغۇن، قارا قاۋغۇن، كۆكچى قاۋغۇن، ئانار، ئەنجىر24، شاپتۇل، ئەت شاپتۇل، غەينالۇ25، چىلان، ياڭاق، جىگدە، ئۈزۈم، بۇلار ئالتە شەھەر مۇەلەرىدۇر. مەزكۇر مۇەلەردىن بەئزى26 ئالتە شەھەر ئىچىدەكى يەرلەردە كەمرۇ ئوبدانراقدۇر. مەسىلەن: ئۈجمە ياركەندە27 كەمرۇ28،

ئەنجىر كاشقەردە كەڭرۇ، ئانار قارغالىقتا كەڭرۇ، ئالما سانجۇدا كەڭرۇ، ئوبدان نەشپەتى كۇچاردا كەڭرۇ، ئۆزۈم خوتەندە كەڭرۇ. بۇ مەزكۇر مېۋەلەردىن باشقا مېۋە بۇ ئالتە شەھەردە يوقدۇر. مەسىلەن: خورما ئەرەبستاندىن ۋە يا ھىندۇستاندىن كەلتۈرەدۇر، بۇ يۇرتدا يوق. بەلكى خەلق ئۆرۈكنى تىكىپ تىربىغاندۇر، ئۇنۇپ بىرەر گەز كۆكلەپ قىشدا قۇرۇپ قالغان ئىكەن. پىستە، بادام بۇلارنى بەدەخشاندىن كەلتۈرۈرلەر. ئارچى بادامنى شاپتۇلغا ئۇلاپ بادام قىلىپتۇر. لېكىن بۇ شەھەرلەردە شەكالى قالىن شاپتۇل ئۆكچەسىنىڭ شەكالىغا ئوخشا شەكالى قالىن قاتتىق، ئۆزى ئاچچىق بولۇپ قالىپدۇر. بەئزى مېۋە ياركەندە يوق، كاشغەردە بار. گىلاس ياركەندە يوقدۇر، يەنە بىر قىسمى ئۆرۈك ياركەندە بار، كاشغەردە يوق. ئول ئولجا ئۆرۈك بەئزى مېۋەلەرنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇر. ئۆجمەنى قۇرۇتۇپ ۋاسالغۇ دەپ ساقلايدۇر. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۆزۈمنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇر. ئۆزۈم قىسمىلەرى قىزىل ئۆزۈم، ئات باغرى ئۆزۈم، مۇناقى ئۆزۈم، قار ئۆزۈم، چىشمىش ئۆزۈم، سوقا ئۆزۈم، ئاق ئۆزۈم، ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ گۈلە دەيدۇر، شاپتۇلنى قۇرۇتۇپ قاق دەيدۇر، ئۆزۈمنى قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۆزۈم دەيدۇر. قۇرۇق ئۆزۈمنى سىركە قىلادۇر ھەم شىنە قىلادۇر. ياز ۋاقتى بولسا رەخاپچى يەئنى مۇز ساتادۇر. غانلار ئۆزۈم شىنەسىنى مۇز سۈيىغە ئىلەشتۈرۈپ ئانى شەربەت دەپ ساتادۇر ھەم ئۆجمەدە شىنە قىلىپ ساتادۇر. بەلكى شىنەلەرنى يۇرتلارغا تۇلۇملاردا ئالىپبارىپ ساتادۇر. ئۆزۈم شىنە خاھ ئۆجمە شىنەدىن تولا فائدە(29) ئالادۇرلار.

میوه لارنینک بیانی

همه میوه دین ایلگاری پیشادورغان میوه اوجمه دور اندین کین جینسه اوروک
سونک شاپتول توغاج الما آرموت نشفتی جیلگا قاوغون شکرسویی قاوغون
اینک شیرین قاوغون قرا قاوغون کوکچه قاوغون انار انجیر شاپتول اشتیلی شاپتول
غینالو جیلان یانکاق جگده اوزوم بولار الته شهر میوه لاریدور مذکور میوه لار
دین بعضی الته شهر اچیده کی بیر لارده کنگرو اوبدانراق دور مثلا اوجمه یارکنده کنگرو
انجیر کاشغرده کنگرو انار قارغالیقده کنگرو الما سانجوده کنگرو اوبدان نشفتی کوچارده
کنگرو اوزوم ختنده کنگرو بو مذکور میوه لاردین باشقه میوه بو التی شهرده یوقدور
مثلا خرما عربستاندین و یا هندوستاندین کلتورادور بو یورتده یوق بلکه خلق اوروکنی

تیکیپ تربیغاندور اونوب براز کوکلاپ قیشدا قوروب قالغان ایکان فستە
بادام بولارنی بدخشاندین کلتورورلار آرچی بادامنی شاپتولغه اولاپ بادام قیلیپدور
لیکن بو شهرلارده شکالی قالین شاپتول اوکچەسی نینک شکالیغه اوخشا شکالی
قالین قاتیق اوزی اچچیق بولوب قالیب دور بعضی میوه یارکنده یوق کاشغرده
بار گیلاس یارکنده یوق دور ینه بر قسمی اوروک یارکنده بار کاشغرده یوق
اول اولجا اوروک بعضی میوه لارنی قوروتوب ساقلایدور اوجمه نی قوروتوب
واسالغو دیب ساقلایدور اوروک شاپتول اوزوم نی قوروتوب ساقلایدور
اوروک نی قوروتوب گوله دیدور شاپتول نی قوروتوب قاق دیدور اوزوم
قوروتوب قوروق اوزوم دیدور قوروق اوزوم نی سرکه قیلادور هم شینه قیلا
یاز وقتی بولسه رخابچی یعنی موز ساتادور غانلار اوزوم شینه سینی
موز سوینه ایلشتوروب انی شربت دیب ساتادور هم اوجمه ده شینه
قیلیب ساتادور بلکه شینه لارنی یورت لارغه تولوملار ده الیب باریب
ساتادور اوزوم شینه خواه اوجمه شینه دین تولا فائده الادورلار

## قۇرۇغان مېۋەلەرنىڭ بەيانى

ئۆزۈمنى قۇرۇتۇپ شەھەرلەرگە ئالىپ بارىپ ساتادۇر. ئۆزۈمنى قۇرۇتماق لازىم كەلسە، ئانى پىشغاندا تالدىن كېسىپ ئالا كۆرۈنۈش(30) يەردە يايىپ قويۇپ قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۆزۈم دەپ تەييار قىلادۇر.

مېۋەلەردىن قۇرۇتۇپ ساقلايدۇرغان مېۋەلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇقنى گۈلە دەپ ئايتۇر. شاپتۇلانى قۇرۇتۇپ قۇرۇقنى قاق ئايتۇر. ئەگەر ئۆچكەسىنى ئالماي قۇرۇتسا ئانى مونەك ئايتۇر. غېينالۇنى ھەم قۇرۇتۇپ ئالىپ ساقلار، ئانى قۇرۇق غېينالۇ ئايدۇرلار. ئۆجمەنى ھەم قۇرۇتۇپ ساقلاپ ئانى ۋاسالغۇ دەرلەر، ئەنجىرنى دارۇ(31) ئۆچۈن تەببلەر(32) قۇرۇتۇپ ساقلار، لېكىن ئازراق ئانى قۇرۇق ئەنجىر دەرلەر. ئۆز ۋەقتىداكى پىشقان ئەنجىرنى مۇرەببا قىلىپ ساقلارلار. بەلكى تولا نەرسەلەرنى مۇرابىا قىلىپ ساقلارلار. مۇرابىا قىلار بولسا شەكەرنى قىلىپ قىۋام(33) قىلىپ، ئۈستىگە قويارلار. ئۆرۈك غوراسىدا ۋە ھەم غېينالۇدا، بېھىدە، زەردەكدە، (34) ئالمادا، نەشپەتدە، گىلاسدا مۇرابىا سالۇرلار. لېكىن ئاناردا شەربەت قىلارلار، شەكەرنى قىۋام قىلىپ قىزىل گۈلدا گۈلقەند سالۇرلا. قىزىل گۈلدا گۈلقەند سالار بولسا قىزىل گۈلنى ئىلغاپ، گۈلنى سوقۇپ، گۈلنىڭ بەرگىدەكى ئاقنى كېسىپ چىقارىپ، ئېتىپ سوقۇپ، قىۋام شەكەرنى ئۈستىگە قويۇپ، كوزەنىڭ

ئاغزىنى چاپلاپ، تومۇز ئاپتابىدا بىر ئاي قويۇپ ئاندىن كېيىن تەييار بولدى دەپ يەيدۇر. قىزىل گۈلقەندىنى ياركەند، خوتەندە تولا ئېتىبار بىلەن قىلىپ ساقلايدۇ. ۋە يەنە پىننە گۈلقەندىنى چىلىپ مەئىدەسى㉟ ئاغرىق كىشىگە بېرەدۇر.



## قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ بەيانى

قۇرۇق يېمىشلەر ھەم بىر نەچچە قىسىم بولادۇر. خۇۋەينە ئۆرۈكنى پىشقان ۋاقتىدا ئۈگزىگە بورا سالىپ، بورانىڭ تۆپەسىغە ئۆرۈكلەرنى تۆكۈپ يايادۇر. قۇرۇغاندا تالدىن ئۆتكەن باداڭغا ئالىپ قويادۇر. ئانى گۆلە دەرلەر. چىلان جىگدە، قارا ئۆرۈك، غەئىنۇلا (غەينالۇ) بۇ مۇەلەرنى ھەم ئۆرۈككە ئوخشا قۇرۇتادۇر. شافتۇل ئازغىنە پىشقاندا ئىككى پارچە قىلىپ ئۆچەكىسىنى ئاجراتىپ ئالىپ قۇرۇتادۇر. ئانى قاق دەرلەر. ئۈزۈمنى تورۇسقا پىچان بىلەن باغلاپ قۇرۇتادۇر. ئانى ۋاسالغۇ دەرلەر. قارا ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنى قارامىز دەرلەر. ياڭاق مەغزىنى يېمىش بىرلە ساتادۇر. ئۆرۈكنىڭ مەغزىنى يەمىشكە ئالىشتۇرادۇر. كۆك كىشمىش خوتەندىن چىقادۇر، بادام، پىستە بەدەخشاندىن چىقادۇر. مارالباشىدىن ئەتنى يېگەلى بولمايدۇرغان بىر قىسىم تاربۇز㊱ چىقادۇر. ئانىڭ ئۇرۇغلارىنى قۇرۇتۇپ يېمىشقا ئالىشتۇرۇپ ساتادۇر. خۇۋەينى ئۆرۈكنى ئۆچەكەسىدىن ئاجراتىپ ئورنىغا بىر دانە مىغىزنى سالىپ قۇرۇتادۇر، ئانى خورما دەرلەر.



## گۈل ۋە چېچەكلەرنىڭ بەيانى

گۈل ۋە چېچەك بولماي ھېچ نەرسەدە ئۇرۇغ بولمايدۇر. قوغۇن، تاربۇز، كاۋالار ھەم چېچەكلەپ ئاندىن خەمەك سالادۇر. بەئزى گۈللاردىن ئوبدان بوي㊲ چىقادۇر. ئەترە گۈل، قىزىل گۈل، سېرىق گۈل زەئپەر گۈل، رەيھان. بۇ گۈللاردىن بۇي كېلەدۇر. سەبداي

گۈل، ئالماتۇ گۈل، شۇرا گۈل، كەكرۇ گۈل، زەغىر گۈل، خوخا گۈل، قامچى گۈل، بەگگى گۈل، ختاي گۈل، ھەشقىپچەك گۈل، ھەئپىرەڭ گۈل، گۈلسەمەن، تاجى گۈل ئىلە تاجىسى خالتا، سەبداي، زەردەك گۈل، تەخۇم گۈل، چىنە گۈل، ئەنجۇ گۈل، بۇ گۈللار ھەر بىرى بۆلەك قىسىم، بۆلەك رەڭ بولادۇر. بەئزى مېۋەلەرنىڭ چېچەكلىرى ھەم گۈلغا ئوخشايدۇر. چىنە گۈل، ئەنجۇ گۈللار ھەم ئوبدان گۈلدۇر. ئالما چېچەكى قىزىل چىرايلىق بولادۇر. ئانارنىڭ چېچەكنى ئانارگۈلى دەپ توۋلاپ بازارغا ئالىپ چىرىپ، سەۋسەھ گۈل بىلەن ساتادۇر. ئازغان دەرەختىنىڭ چېچەكى بەئەينىنى گۈلغا ئوخشايدۇر. ھۆفۆيۇف گۈلى ھەم ھەرخىل ئېچىلادۇر.

گل و چیچکلارنینک بیانی

گل و چیچک بولمای هیچ نرسه‌ده اوروغ بولمایدور توغوت تاریوز کاوا لارغه چیچکلاب انین غمک سالادور بعضی گللاردین اوبدان بوی چیقادور عطر گل قزل گل سریق گل زعیر گل ریحان. بو گللاردین بوی کیلادور سبدای گل الماتو گل شورا گل کاکرو گل زغیر گل خوخا گل تامچی گل بلکی گل ختای گلی حشقیپیچک معهرنک گل گلسمن تاجی گل ایله تاجیسی خالته سبدای زردیک گل تخوم گل چینه گل انجو گل. بو گللار هر بری بولک قسم بولک رنک بولادور بعضی میوه‌لارنینک چیچک‌لاری هم گلغه اوخشایدور چینه گل انجو گل‌لار هم اوبدان گل دور الما چیچاکی قزل چیرایلیق بولادور آنارنینک چیچاکی‌نی آنارگلی دیب توولاب بازارغه الیب چیقیب سوسن گل بیلان ساتادور ازغان درختی نینک چیچکی بعینه گلغه اوخشایدور حوفویوف گلی هر خیل ایچیلادورلار

## ئوت گىياھلارنىڭ بەيانى

سېمىز ئوت، ئانى تۆگە تاپانى ئوت ھەم دەرلەر. ئانى گوشت㊳ بىلەن قورۇپ بەتتە ۋە گاڭپاڭ بىلەن يەيدۇر. تەپ بولغان ئادەم ئانى ئىستەپ تۇرۇپ يەيدۇر.

بۇ سېمىز ئوتنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. كاپكاپ ياكى چاي كۆكى يېمەك ئۈچۈن ئوبدان مەزەلىك ئوتدۇر، ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. يالپۇز (نى) پىننەنىڭ ياۋاسى دەرلەر، ئادەم ھەم ئۇلاغ يەيدۇر. يەنە لويلا ئوت ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. ياپۇرماقلىق ئۇزۇن ئۇسەپ چىقادۇر. قوزى قۇلاقى ئوت ئانى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. قۇ ئوت ئادەم ھەم ئۇلاغ يەيدۇر. ئاقباش ئوت ئانى ئادەم ئۇلاغ يەيدۇر. چىگىلىك ئوت ئۇلاغ يەيدۇر. سىرىغ ئوت يۇنانى ھۆكەما ئەفتىمۇن ئايتۇرلار، ئانى ئۇلاغ يېمەيدۇر. ئادەم دارۇ ئۈچۈن بىر مىسقالدىن ئول سىرىغ ئوتنى سوقۇپ سۇتكە سالىپ ئىچەر. يەنە بىر قىسمى ئوت بار، ئانى شاھتەرە ئايتۇرلار. ئانى ھەم دارۇ ئۈچۈن ئادەم يەيدۇر، ئۇلاغ ھەم يەيدۇر. سۇتلۇك ئوت، خوخا ئوت، كەكرۇن ئوت، چۇزگۇن ئوت، يۆگۈمەچ ئوت، چىرا ئوت، چىم ئوت، شۇۋە ئوت بۇلارنى ئۇلاغ يەيدۇر، ئادەم يېمەيدۇر. شۇۋاق ئوت ئانى ھەم ئۇلاغ يېمەيدۇر. دۆگەن ئوت دەپ قارا ئوت بار، ئانى ئۇلاغ يەيدۇر. لاگخا ئوت ئۆزى ئانچە تولا ئەمەس، باغلاردا، كۆللەردە تەرىدۇر. ياپۇرماقى چوڭ، گۈلى ھەم چوڭ، يىلدىزى تاتلىق گوشت بىلەن ئوبدان غىزا بولادۇر. ھەمىشە باھارنى بىرەدۇر دەرلەر. گۈلى ھەمىشە ئاچىلىپ تۇرادۇر. بىر تەرەفدىن ئۇرۇغى پەيدا بولادۇر. يەنە بىر تەرەفدىن چېچەكلەپ گۈل چىقارىپ، ئەۋۋەل بەھاردىن كۈز ۋە قىشقىچە گۈل چىقارىپ چېچەكلەپ، ئۇرۇغى پىشىپ تۇرادۇر. چىغتىماق ئانى ھېچ نېمە يېمەيدۇر، ئاچچىق ئەمما قۇرۇتۇپ پىچان قىلىپ قوي بورايدۇرغانلار بوداق قويغا بېرىپ سەمرەتەدۇ. يەنە بىر قىسمى ئوت چىغدۇر، ئانى ئوت كالا يەيدۇر. پىشقاندا ئوراپ، سوقۇپ، يۇمشاتىپ كۆلا قىلىپ ساتادۇر. يەئنى بىر قىسمى ياغاچدىن ئاغرامچى بولادۇر. دېھقانلار مەخسۇس قوش قاتار ۋاقتىدا شۇ كۆلانى ئىشلەتەدۇر. تاغ گىياھلاردىن بىرى بىنەفشە، ئول بىر دارۇدۇر. ئانى قوي يەيدۇر. ئانداغ قوي گوشتى تاتلىق بولادۇر. سانجۇ㊴ ۋە كىليان ㊵ تاغلارىدا باردۇر.

اوت گیاهلارنینک بیانی

سمیز اوت انی توکا تپانی اوت هم دیرلار انی گوشت بیلان قوروب بتته وکانکپانک بیلان ییدور تپ بولغان آدم انی ایستاب توروب ییدور بو سمیز اوت نی آدم واولاغ ییدور. کاپکاپ یاکه چای کوکی یماک اوچون اوبدان مزه‌لیک اوت دور آدم واولاغ ییدور. یالپوز پننه نینک یاواسی دیرلار آدم هم اولاغ ییدور. ینه لویلا اوت آدم واولاغ ییدور. یاپورماغلیق اوزون اوساب چیقادور. قوزی قولاقی اوت انی آدم واولاغ ییدور. قو اوت آدم هم اولاغ ییدور. اقباش اوت انی آدم واولاغ ییمایدور. چیکیلیک اوت اولاغ ییدور. سریغ اوت نه یونانی حکما افتیمون ایتورلار انی اولاغ ییمایدور آدم دارو اوچون



## ئوتياشلارنىڭ بەيانى

ئوتياش قويدۇرغان يەرنى قىغ قوْيۇپ، ئوبدان ئىشـلەمەسە ئانچە ئوخشمايدۇر. ئانىڭ ئۈچۈن گەندە قوْيۇپ ئىككى ئۈچ نەۋبەت ⑪ ئۆرۈپ، پازا ⑫، تـەمۇر تـارماق بىلەن مالقۇشلاپ ⑬ كىچىك، كىچىك ئىتىز ئېتىپ، ئـاندىن ئۇرۇغ سالىپ ئوتياش تـەرىدۇر. بـەئزى ئـوتياشلارنى چۆنەك تارتىپ ئۇرۇغ تىكەدۇر. ئـوتياشلارنىڭ ئۇرۇغلارىنى خاقان ئىقلىمىدىن ⑭ ئالغان تۇرۇر. ئـازراق ئـوتياشلار بۆلەك شەھەردىن پەيدا بـولغاندۇر. چـامغۇر، يـۇمغاقسۇت، پىياز، زەردەك، زىرە، پىننى، جۇۋۇنى⑮، ئـارپابەدىيان بۇلار كۆھنە ⑯ ئوتياشلاردۇر. خىنەنى قىز بـالالار، يـاش چوركانلار قولىغا ياقادۇر. ئوسمانى چوركانلار، قىز بالالار قـاشىغا قـويادۇر. خـاقـان ئـىقلىمىدىن چىققان ئـوتياشلار بەئسەي ⑰، چىگسەي، پالەك، ئـوسۇڭ، جـاڭدۇ، چـەيزە، جۇسەي، كۆك تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، سـامساق، چـەئلاڭ ⑱، لاڭخـار بـەئسەي ⑲، خـوڭگا، شـوخـلا، دادۇر، ئـاق بوداچ، قىزىل بوداچ، دوڭگۇ، كوگۇ، سۇگۇ، لاڭقۇ بۇ ئوتـ- ياشلاردۇرلار.



---

مەزمۇن ۋە ئوقۇرمەنلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ماۋزۇسى ئۆزگەرتىلدى.

① مىنگو دەۋرىدىكى قەشقەر رايونىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ، ② گۇننار ياررىڭ: «20- ئـەسىرنىڭ بـاشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىق — شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى. تەرجىمىسى ۋە ئـىزاھاتى». سـتوكھولم (شۋېتسىيە)، 1998- يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، ③ كـەسىپ، ④ هـاۋا ئانا، ⑤ دەرەخ، ⑥ مـۇشەققەت، ⑦ قىزىتىشىدىن، ⑧ قارىداش، ⑨ بېهىش، جەنـنەت، ⑩ ئەۋزەل، ⑪نوقۇد، ⑫ سەۋزە، ⑬ تاۋۇز، ⑭ دۆڭلـەرنى تـۈزلەش، ⑮ چوڭقۇر، ⑯ تـۇتقۇچـىدىن. ⑰ يـۇمشىتىپ، ⑱ ئـەتىياز، ⑲ يـوپۇرماق، ⑳ ئـامۇت، ㉑ پـەيزىۋات ئـالمىسى، ㉒ نـەشپۈت، ㉓ قـوغۇن، ㉔ ئەنجۈر، ㉕ ئەينۇلا، ㉖ بەزى، ㉗ يەكەن، ㉘ كەگرى، ㉙ پايدا، ㉚ سۆرۈن، سايە جـاي، ㉛ دورا، ㉜ تـېۋىپ، ㉝ قىيام، ㉞ سەۋزە، ㉟ مەيدە، ㊱ تاۋۇز، ㊲ هىد، پۇراق، ㊳ گۆش، ㊴گۇما نـاهىيەسىنىڭ سـانجۇ يـېزىسىنى كـۆرسىتىدۇ، ㊵ گۇما ناهىيەسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ، ㊶ نۆۋەت، قېتىم، ㊷ تىرنا، خەنزۇچە 把子 دېگەن سۆز، ㊸ مالتىلاش، ㊹ جۇڭگو، ㊺ ئـارپابەدىيان تېپىدىكى بىر خىل دورىلىق ئـۆسۈملۈك، ㊻ كونا، بۇرۇنقى، ㊼ بەسەي، يېسىۋىلەك، ㊽ كاللەك بەسەي، ㊾ چېچەك سەي.

(ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)



سالامەت ئىلھامنىڭ كومپيۇتېر سىزمىلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040